دىنىي، ئىلمىي، ئىجتىمائىي
ژۇرنال
(پەسىللىك)

2016

4 ـ سان
(ئومۇمىي 17 ـ سان)

ژۇرنال مەسئۇلى :
سىراجىدىن ئەزىزى

مەسئۇل مۇھەررىرى :
مۇھەممەد يۇسۇپ

تەھرىر ھەيئەتلەر :
ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن
ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى
ئابدۇلئەھەد ئۇجات
ئابدۇلئەھەد ھاپىز
ياسىن ئابدۇلھېكىم

ئەسەر ئەۋەتىڭ
پىكىر ـ تەكلىپ بېرىڭ
ئېلخەت ئادرېسىمىز :
Meripetjournal@gmail.com
ژۇرنىلىمىزنىڭ ئېلكتاب نۇسخىسىنى
«مەرىپەت» مۇنبىرىدىن كۆرەلەيسىز
مۇنبەر ئادرېسى :
WWW. Merifet. net

❖ ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى.............
........................ مۇھەممەد يۇسۇپ 3

❖ بىدئەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان (4).......ئابدۇلئەھەد ھاپىز 12

❖غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى(4)....ئوبۇلقاسىم ئەھمەدى 25

❖ سائادەت دەۋرىدىكى مۇھەببەت ..........سىراجىدىن ئەزىزى 34

❖باللىرىڭىزغا ھىكمەت ئۆگىتىڭ...........................
.........................................دوكتۇر سەمى يۇنۇس 39

❖ھەدىسنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى.......ياسىنجان ئابدۇلھەكىم 47

❖ئىسلام دۇنياسىغا قىلىنغان ھۇجۇملار ۋە بېسىملارغا نەزەر....
.......................................ئابدۇلئەھەد ئۇچقۇن 53

❖ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى باشقىلارغا بېرىش توختامى
.........................دوكتۇر ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللاھ 60

❖كوچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان مەشھۇر زاتلار
...........................................ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد 63

❖قاناتسىز خەت ...........................ئابدۇۋەلى ئايۇپ 72

❖قىز ـ يىگىتلەر يولىغا 50 گۈلخان ..........................
.......................................ئابدۇلكەرىيم بەككار 77



# ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە...

1. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلگەن ماقالىلەرنىڭ مەركىزى ئىدىيىسى «ئەھلى سۈننەت ۋەلجامائە» ئەقىدىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.
2. ماقالە ۋە ئەسەرلەردە ئالغا سۈرۈلمەكچى بولغان چۈشەنچىلەر ئېنىق يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
3. تەرجىمە ئەسەرلەردە چوقۇم مەنبە ئەسكەرتىلىشى ۋە تەھرىر ھەيئىتىگە ئەسلى نۇسخا تەمىنلىنىشى كېرەك.
4. ژۇرنىلىمىزغا ئەۋەتىلىدىغان ماقالىلەر بۇرۇن ھېچقانداق كىتاب-ژۇرناللاردا ياكى تور بەتلەردە ئېلان قىلىنمىغان بولۇشى كېرەك.
5. ژۇرنىلىمىز ۋەتىنىمىز ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇيغۇر قېرىنداشلارنى، بولۇپمۇ ئىلىم ۋە دەۋەت ساھەسىدىكى ئۇستازلارنى ۋە ئىلىم ھېرىسمەنلىرىنى پىكىر ئالماشتۇرۇش، تونۇشۇش ۋە ئۆزئارا چۈشىنىش سەھنىسى بىلەن تەمىنلەشنى مەقسەت قىلغان بولغاچقا، ھەرقانداق شەخس ياكى كوللېكتىپقا قارىتىلغان ھۇجۇم خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى قەتئىي قوبۇل قىلمايدۇ.
6. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر ماقالىسىنى ژۇرنىلىمىزنىڭ مەخسۇس ئېلخەت ئادرېسىغا يوللىشى كېرەك.
7. ئاپتورلار ئەۋەتكەن ماقالىسىغا ناھايىتى ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىشى، نەقىل مەنبەلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇشى، ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ نومۇرلىرى بەت ئاستىغا ئىزاھات سۈپىتىدە بېرىلگەن بولۇشى كېرەك.
8. ماقالىلەرنىڭ ھەجىمىگە چەك قويۇلمايدۇ. ناۋادا قىممىتى زور، ئەھمىيەتلىك تېمىلار بولسا ئۇدا بىر قانچە ساندا ئۇلاپ ئېلان قىلىنىدۇ.
9. ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر تاللاشتا ئەسەرنىڭ قىممىتى ۋە يوللانغان ئىلگىرى-كېيىنلىك تەرتىپى بويىچە تاللىنىدۇ. ئەسەر ئەۋەتىلىپ ئالتە ئايغىچە ژۇرنالدا ئېلان قىلىنمىسا ياكى ئېلخەت ئارقىلىق ئۇچۇر قىلىپ ئەسكەرتىلمىگەن بولسا ماقالىنىڭ قوبۇل قىلىنمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
10. ژۇرنىلىمىزغا يوللانغان ماقالە ئېلان قىلىنغۇچە بولغان ئارىلىقتا ھېچقانداق تور بەت ياكى ئۇچۇر ۋاسىتىلىرىدا ئېلان قىلىنماسلىقى كېرەك.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى كەڭ ئاپتور ۋە ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمىزدىن بۇ ئازغىنە ئەمگىكىمىزگە يېقىندىن ھەمدەمدە بولۇشىنى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، قىممەتلىك پىكىر-تەكلىپلىرىنى ئايىماسلىقىنى، ماقالە-ئەسەر ئەۋەتىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ھۆرمەت بىلەن:
——«مەرىپەت» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ئادرېسىمىز:
Fevzi Çakmak Mahallesi Şeref Sokak No. 11 Bodrum Kat
Sefaköy Küçükçekmece Istanbul
TEL: 0212_6243928



# ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسىدۇر

**مۇھەممەد يۇسۇپ**

شەكسىزكى، ئوقۇش، ئۆگىنىش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ۋە ئەڭ ئالدىنقى چاقىرىقىدۇر. شۇڭا «قۇرئان كەرىم»دىن ئەڭ دەسلەپ چۈشكەن ئايەت، شۇنداقلا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەڭ دەسلەپ كەلگەن ۋەھيى «ئوقۇ!» دېگەن ئەمىر بىلەن باشلانغان. ئەرەب تىلىنىڭ گىراماتىكىسىدا « پېئىلنىڭ مەفئۇلى (يەنى ئىش- ھەرىكەت ئۈستىگە چۈشكەن نەرسە) ھەزىپ قىلىنسا، پېئىلنىڭ مەنىسى ئۆزىنىڭ ئومۇملىقىدا قالىدۇ» دەيدىغان قائىدە بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا «ئوقۇ!» دېگەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قولىدا ئوقۇيدىغان بىر نەرسە يوق ئىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن دەيمىزكى، ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن ئەمرى دىن ۋە دۇنيالىقنىڭ ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان ھەر قانداق ئىلىمنى ئوقۇغىن، ئۆگەنگىن ۋە بىلگىن دېگەنلىكتۇر. ئاللاھ تائالانىڭ ﴿ اقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ الَّذِي خَلَقَ﴾ يەنى﴿ ياراتقان رەببىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇ!﴾[1] دېگەن بۇ ئەمرى ئىماننى غايە قىلغان ۋە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى، بىرلىكىنى، چەكسىز قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى بىلىپ ئىمان ئېيتىش بىلەن تاكامۇللىشىدىغان ئىلىمنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئىماندىن خالىي قالغان ۋە ئىمان بىلەن قوراللانمىغان ھەر قانداق ئىلىم بالايىئاپەت بولۇپ، بۇنداق ئىلىم ئىنساننى زوراۋانلىققا، ئاجىزلارنى ئېزىشكە، باشقىلارنىڭ ھېسابىغا چوڭىيىشقا ۋە نۇرغۇنلىغان يولسىزلىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. بۇنداق ئىلىم ئۆز يولىدا ئىشلىتىلمىگەن ۋە ئۆز غايىسىدىن چەتنەپ كېتەتكەن ئىلىمدۇر. بىز ئاللاھ تائالانىڭ كىتابى بولغان «قۇرئان

(1) ئەلەق سۈرىسى، 1- ئايەت.

كەرىم»نى ئوقۇپ ئۆگەنسەكمۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەدىسلىرىنى ئوقۇپ ئۆگەنسەكمۇ، تەبىئىي پەن ئىلىملىرىنى ئوقۇپ ئۆگەنسەكمۇ، شۇنداقلا دىنىمىز ۋە دۇنيالىقىمىز ئۈچۈن مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇپ ئۆگەنسەك، بىز ئاللاھ تائالانىڭ «ئوقۇ!» دېگەن ئەمرىگە ئىتائەت قىلغان بولىمىز. مەلۇمكى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىككى كىتابى بولۇپ، بىرى «قۇرئان كەرىم»، يەنە بىرى كائىناتتۇر. شۇڭا بەزى ئۆلىمالار « كائىنات سۆزلىمەيدىغان قۇرئاندۇر، قۇرئان سۆزلەيدىغان كائىناتتۇر» (1) دەيدۇ. «قۇرئان كەرىم» ئاللاھ تائالانىڭ «كالام»( سۆزلەش) سۈپىتىنىڭ ئەسەرى بولسا، كائىنات ئاللاھ تائالانىڭ سانىئ (سەنئەتكار) سۈپىتىنىڭ ئەسىرىدۇر. دۇنيادىكى ھەر ساھە ئىلىم —— پەن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە گۈزەل سەنئەتلىرىنى سۆزلەيدۇ. ئىلىم- پەن ئالىملىرى ۋە تەتقىقاتچىلار ئاللاھ تائالانىڭ «كائىنات» ناملىق كىتابىنى ئوقۇماقتا ۋە ئۇنى تەپسىر قىلماقتا.

ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ دەرىجىسىنى ناھايىتى يۇقىرى باھالىغان. ﴿ يَرْفَعِ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ يەنى﴿ ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ.﴾ (2) ئاللاھ تائالا ئىلىم ئەھلىنىڭ قەدرىنى كۆرستىپ قويۇش ئۈچۈن: ﴿ هَلْ يَسْتَوِي الَّذِينَ يَعْلَمُونَ وَالَّذِينَ لَا يَعْلَمُونَ﴾ يەنى﴿ بىلىدىغانلار بىلەن بىلمەيدىغانلار باراۋەر بولامدۇ؟﴾ (3) دېگەن. بۇ ئايەت ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدە ئىلىم ئەھلى بىلەن ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاسمان- زېمىن پەرق بارلىقىنى كۆرستىدۇ.

## ئىلىمنىڭ تۈرى ۋە دەرىجىسى

ئىسلام نەزىرىدە ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرزدۇر. ئىسلامدا پەرز بولغان ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى پەرز ئەين، يەنە بىرى پەرز كۇپايەدۇر.

1. پەرز ئەين بولغان ئىلىم

پەرز ئەين بولغان ئىلىم: «لائىلە ئىللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ » دېگەن كەلىمە تەييىبەنىڭ مەنىسىنى، ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلىرى ئۈستىكى ھەقلىرىنى، ئاللاھ تائالانىڭ ئىسىم- سۈپەتلىرىنى بىلىش، ناماز، روزا، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنىڭ قائىدە- تەرتىبلىرىنى، ئاتا- ئانىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنىڭ، تۇغقانچىلىقنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ، قوشنىلارنىڭ ھەق- ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلىشنىڭ، پۇل- مالنى ھالالدىن تېپىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش قاتارلىقلاردۇر. بۇ ئىلىمنى ئۆگىنىش ھەربىر مۇسۇلماننىڭ ئۈستىگە پەرز ئەيندۇر. بۇلارنى بىلمىگەن ئادەم شەكسىز گۇناھكار بولىدۇ، مۇنداق ئادەمنىڭ ئىمانى تولۇق بولمايدۇ، بۇلارنى بىلمىگەن مۇسۇلماننىڭ ئۆزرىسى قوبۇل ئەمەس. چۈنكى بۇ ئىلىملەر ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىشى پەرز ئەين بولغان زۆرۈر ئىلىملەردۇر. بۇنىڭدا بارلىق ئىسلام ئۆلىمالىرى بىردەك ئىتتىپاقتۇر.

ئۆز ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى بۇ ئىلىملەرنى بىلىشنىڭ زور

---

(1) دوكتور مۇھەممەد راتىب نابلىسىنىڭ« مۇقەۋۋىماتتۇتتەكلىف» ناملىق ئەسىرى،34- بەت.

(2) مۇجادەلە سۈرىسى، 11 ـ ئايەت.

(3) زۇمەر سۈرىسى،9- ئايەت.

ئەھمىيىتىنى ۋە زۆرۈرلىكىنى چۈشەنگەنلىكتىن، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىنى ئۆگىنىشكە، ئۇنىڭدىكى دىنىي ئەھكاملارنى بىلىشكە ئىنتايىن ھېرىس ئىدى. ئۇلار ھەر ئون ئايەتنىڭ مەنىسىنى، ئەھكاملىرىنى، ئۇنىڭدا بۇيرۇلغان ھالال- ھارامغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ئۆگەنمەي تۇرۇپ باشقا ئايەتلەرنى ئۆگىنىشكە يۆتكەلمەيتتى.

2. پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم

پەرز كۇپايە بولغان ئىلىم: تەپسىر، ھەدىس، فىقھى، ئىسلام تارىخى، ئىسلام تەربىيەسى قاتارلىق ئىسلامىي ئىلىم ساھەلىرىدە، مېدىتسىنا، ماتېماتىكا، فىزىكا، بىئولوگىيە، بىناكارلىق، كومپيۇتېر، ئېنتېرنېت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق ئىلىملەرنى ئوقۇپ مۇتەخەسسىس بولۇش ئومۇمىي مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە پەرز كۇپايە بولۇپ، بەزى مۇسۇلمانلار بۇ پەنلەرنى ئوقۇسا، ئوقۇمىغانلىرىدىن ساقىت بولىدۇ، ئەگەر ھەربىر رايوندىن بۇ پەنلەرنى ئوقۇيدىغان ئادەم چىقمىسا، شۇ رايوندىكى مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئوقۇش پەرزلىكى ساقىت بولمايدۇ، نەتىجىدە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى گۇناھكار بولىدۇ. يۇقىرىقى پەنلەردىن قايسىبىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن تاللانغان ياكى بەلگىلەنگەن كىشىلەر ئۈچۈن مەزكۇر پەنلەرنى ئوقۇش، ئۆگىنىش پەرز ئەيندۇر. ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالى مۇنداق دېگەن: « پەرز كۇپايە بولغان ئىلىمنىڭ بايانى شۇكى، ھەرقانداق بىر ئىلىمنىڭ دەرىجىسى ئۆگەنمەكچى بولغان ئىلىمنىڭ قانداق ئىلىم ئىكەنلىكىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ. بۇنىڭغا بىنائەن، ئىلىم ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى دىنىي ئىلىم، يەنە بىرى دىنىي بولمىغان ئىلىمدۇر. دىنىي ئىلىم دېگىنىمىز پەيغەمبەرلەر ئارقىلىق ۋەھيى يولى بىلەن كەلگەن، ئەقىل يولى بىلەن بىلگىلى بولمايدىغان ئىلاھىي ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. دىنىي بولمىغان ئىلىملەر تىبابەت ۋە ماتېماتىكىغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ ھاياتىدا زۆرۈر بولغان ئىلىملەرنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن: كىشىلەر تەن ساقلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىبابەت ئىلمىگە، مۇئامىلە، مىراس تەقسىم قىلىش دېگەندەك ئىشلار ئۈچۈن ماتېماتىكىغا موھتاج بولىدۇ. بۇنداق ئىلىملەرنى ھەربىر رايوندىن مەلۇم كىشىلەر ئۆگەنسە، باشقىلاردىن بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىش پەرزى ساقىت بولىدۇ. بىزنىڭ ‹تىبابەت ۋە ھېساب ئىلمىنى ئۆگىنىش پەرز كۇپايەدۇر› دېگەن سۆزىمىزگە ئەجەبلىنىپ كەتمەڭ، بەلكى دېھقانچىلىق، ھىجامەت، سەيپۇڭلۇق قاتارلىق ئىلىم ۋە سانائەتلەرنى ئۆگىنىشمۇ پەرز كۇپايىدۇر.»[1]

سەئۇدى ئەرەبىستان پەتىۋا كومىتېتىنىڭ پەتىۋاسىدا مۇنداق كەلگەن:« بارلىق دىنىي ئىلىملەر ۋە بۇ ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە ياردەمچى بولىدىغان بارلىق ۋاسىتىلەر﴿ ئاللاھ سىلەردىن ئىمان ئېيتقانلارنى ۋە ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ﴾ دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ، يەنى دىنىي ئىلىم ئۆگەنگەن كىشىلەرنىڭ دەرىجىسى ئاللاھ تائالانىڭ دەرگاھىدا يۇقىرى بولىدۇ. شۇنىڭدەك، دىنىي ئىلىملەردىن بولمىسىمۇ، مۇسۇلمانلار موھتاج بولىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مېدىتسىنا، زىرائەتچىلىك، سانائەت قاتارلىق ئىلىملەرمۇ

(1) ئەللامە ئەبۇ ھامىد ئەل غەززالىينىڭ« ئىھيائۇ ئۇلۇمىددىن» ناملىق ئەسىرى، 1- توم، 16- بەت.

نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشى شەرتى بىلەن ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا كىرىدۇ. نىيەتنىڭ دۇرۇس بولۇشىدىن مەقسەت بۇ ئىلىملەرنى ئۆگەنگۈچىنىڭ مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى، مۇسۇلمانلارنى كاپىرلارنىڭ پەن-تېخنىكىسىدىن بىھاجەت قىلىشنى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۆگىنىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دىنىي ئەمەس ئىلىملەرنىڭ ساۋاب جەھەتتىكى دەرىجىسى كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش ۋە ھاجىتىنى راۋا قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ پەرقلىنىدۇ.»[1] بۇ پەتىۋا شۇنى ئوچۇقلايدۇكى، مەيلى دىنىي ئىلىملەر دەپ ئاتالغان تەپسىر، ھەدىس ۋە فىقھى قاتارلىق ئىلىملەرنى بولسۇن، مەيلى دۇنيالىق ئىلىملەر دەپ ئاتالغان ماتېماتىكا، مېدىتسىنا، فىزىكا، بىئولوگىيە، بىناكارلىق، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق پەنلەرنى بولسۇن، ئىنسانىيەتكە، جۈملىدىن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ئاللاھ تائالا كۆرسەتكەن بويىچە ئىش قىلىپ، ئۇنىڭغا قۇلچىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىش نىيىتىدە ئوقۇغان ئادەم ئاللاھ تائالا دەرىجىسىنى يۇقىرى قىلىدىغان ئالىملار قاتارىغا كىرىدۇ، دىنىي ئىلىم ئۆگەنگۈچىلەر قاتارىدا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتا مۇكاپاتىغا سازاۋەر بولىدۇ، «كىمكى ئىلىم ئۆگىنىش يولىغا كىرىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» دېگەن ھەدىستىكى كىشىلەرنىڭ قاتارىغا كىرىدۇ. چۈنكى مەيلى قانداق ئىلىم بولسا بولسۇن، مۇھىم بولغىنى ئاللاھ تائالانى رازى قىلىدىغان ۋە مۇسۇلمانلارغا نەپ يەتكۈزىدىغان ئىلىملا بولىدىكەن، ئۇ ئىلىم دىنىي ئىلىمدۇر، ئاخىرەتلىك ئىلىمدۇر ۋە دىنىمىزدا پەرز بولغان ئىلىمدۇر. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ كاتتا ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇللا ئىبنى جىبرىن:« مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنى، خۇسۇسەن ئەسكىرىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ھەممىدىن بەك زۆرۈردۇر ۋە مۇھىم پەرزدۇر» دېگەن. خۇددى ئىلگىرىكى مۇسۇلمانلار دىنىي ئىلىم بىلەن دۇنيالىق ئىلىمنى بىللە ئېلىپ بارغاندەك، ھەربىر مۇسۇلماننىڭ دىنىي ئىلىملەرنى ئۆگىنىش بىلەن دۇنيالىق ئىلىملەرنىمۇ ئۆگىنىشى تولىمۇ زۆرۈردۇر. دۇنيالىق ئىلىملەردە مۇتەخەسسىس بولۇش دىندا ئالىم بولۇشقا زىت كەلمەيدۇ، دىنىي ئىلىم بىلەن شۇغۇللىنىش باھانىسى بىلەن دۇنيالىق ئىلىملەردىن يۈز ئۆرۈشكە بولمايدۇ، شۇنىڭدەك دۇنيالىق ئىلىملەرگىلا بېرىلىپ كېتىپ دىنىي ئىلىملەرنى تەرك ئېتىشكە بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ « ئى ئاللاھ! ئىشىمنىڭ تۈگۈنى بولغان دىنىمنى مەن ئۈچۈن ياخشىلاپ بەرگىن، تۇرمۇشۇمنىڭ كاپالىتى بولغان دۇنيالىقىمنى ياخشىلاپ بەرگىن» دېگەن دۇئاسى ھەققىدە تەپەككۇر قىلغان ئادەم دىن ۋە دۇنيالىق ھەر ئىككىسىنى تەلەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى چۈشىنىدۇ.

## ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىش مەسىلىسى

مەن ئويلايمەنكى، ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك بولغان، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشقا خىزمەت قىلىدىغان ھەر قانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم سانىلىدۇ. ئاللاھ تائالانىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ھايات كەچۈرۈپ، ئاللاھ تائالاغا قۇلچىلىق قىلىشقا ياردەمچى قىلىشنى ۋە

(1) سەئۇدى ئەرەبىستان «پەتىۋا كومىتېتى»نىڭ12/ 77 نومۇرلۇق پەتىۋاسى.

ئىنسانلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشنى كۆزلەپ ئوقۇغان ھەر قانداق ئىلىم دىنىي ئىلىم ۋە جان بېقىشنىڭ كەسپى قىلىۋېلىش ياكى شۆھرەت قازىنىش ئۈچۈن ئوقۇغان ھەر قانداق ئىلىم دۇنيالىق ئىلىم سانىلىشقا تېگىشلىك. چۈنكى بەزى كىشىلەر فىزىكا، بىئولوگىيە، ماتېماتىكا، مىدىتسىنا قاتارلىق دىن بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىلىملەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى، ئىلىم- ھېكمىتىنى، «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۆجىزىسىنى تونۇپ، ئۆزىنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتىدۇ ۋە باشقىلارنىمۇ دىنغا مۇكەممەل دەرىجىدە دەۋەت قىلالايدۇ. يەنە بەزى كىشىلەر تەپسىر، ھەدىس، فىقھى قاتارلىق ئاخىرەتلىك ئىلىملەرنى ئوقۇغان بولسىمۇ، ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ رازىلىقى كۆزلىمەستىن، باشقا مۇددىئالار بىلەن ئوقۇپ، ئوقۇغانلىرىنى شۇ مۇددىئالىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن: بەزى كوممۇنىست دۆلەتلەر ئۆزى دىنغا ئىشەنمەيدىغان تۇرۇقلۇق، ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇغۇچى ئەۋەتىپ ئوقۇتىدۇ. ئاندىن ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلارنى دۆلەت ئېھتىياجى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. مۇنداق ئوقۇغانلار ئومۇمەن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغانلىقتىن، مۇسۇلمانلارغا كۆپ زىيانكەشلىك قىلىدۇ، ئىسلامنىڭ شەنىگە داغ تەككۈزىدۇ. بەزى ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دىنىي ماقامدىكى جانباقارلىرىنىڭ قالايمىقان پەتىۋا چىقىرىۋاتقانلىقى، ھاكىمىيەتنى رازى قىلىش ئۈچۈن دىنىنى بورمىلاپ بېرىۋاتقانلىقى بۇنىڭ مىسالى.

ئىسلامنىڭ ئالتۇن دەۋرلىرىدە ياشىغان مۇسۇلمانلار، ئىسلام دىنىدا پەرز قىلىنغان ئىلىمنى ئاخىرەتلىك ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دەپ ئايرىمايتتى، ئۇلار ئۈچۈن ئىنسانىيەتكە، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارغا مەنپەئەتلىك بولغان بارلىق ئىلىملار مۇھىم ئىدى، ھەممىسىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار تەپسىر ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك تېبابەت ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار ھەدىس ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك ماتېماتىكا ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار فىقھى ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلگەندەك بىئولوگىيە ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار ئىبادەتكە كۆڭۈل بۆلگەندەك ئىجادىيەتكە كۆڭۈل بۆلەتتى، ئۇلار ئىنسانىيەتكە مەنپەئەتلىك ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىشنى نەپلى ئىبادەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىشتىن ئەۋزەل كۆرەتتى. چۈنكى ئىبادەتلەرنىڭ پايدىسى شۇ ئىبادەتلەرنى قىلغان كىشىگىلا بولسا، ئىلىم- پەننىڭ پايدىسى ئىنسانلارغا ئومۇم بولىدۇ. ياۋروپانىڭ قاراڭغۇلۇق ئەسىرلىرىدە گالىلى گالىلو يەرشارىنى يومىلاق دەپ ئېلان قىلغانلىقى سەۋەبلىك چېركاۋ زوراۋانلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان چاغلاردا، ئىسلام دۇنياسىدا ئىبنى رۇشدى، خارەزمى، ئىبنى ھەيسەم، فارابى، ئىبنى سىنا قاتارلىق ئالىملارنىڭ ھەربىرى مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، خىمىيە، ماتېماتىكا، بىئولوگىيە، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم ـ پەنلەرگە تۈنجى بولۇپ ئۇل سالغان كىشىلەر بولۇپ تارىخقا قەيت قىلىنغان ئىدى.

ئەپسۇسكى، ئون ئالتىنچى يۈز يىلدىن كېيىن مۇسۇلمانلار ئەقىدە ۋە ئەخلاق جەھەتتىن چېرىكلىشىشكە باشلىۋىدى، تۈرلۈك خۇراپاتلار،

يوقسۇللۇق ۋە موھتاجلىق ئۇلارنى قورشىۋالدى، ئۇلار مەسجىدتىن يۈز ئۆرۈپ خانىقاغا يۈزلىنىدىغان، ئىبادەتنى ئاللاھ تائالاغا قىلماي، ئاتالمىش ئەۋلىيالارغا قىلىدىغان، تەپسىر، ھەدىس ئىلىملىرىنى ئوقۇشنىڭ ئورنىغا تەرىقەتچىلىك، ئىلمى مەنتىق، ئىلمى پەلسەپە، ئايىغى چىقمايدىغان فىقھىي جېدەللەرنى ئەۋزەل كۆرىدىغان بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دۇنياغا سەردارلىق ۋەزىپىسىنى، ئىلىم-پەندىكى تەرەققىيات دەۋرىنى باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىپ بىچارىلەرگە ئايلىنىپ قالدى. ئۇلار سۈپىزىملىق ۋە تەركىدۇنيالىق تەرغىباتىنىڭ زەھىرى بىلەن ھوشسىزلىنىپ قالغاندىن كېيىن ئىلىم- پەندىكى تەرەققىيات دەۋرى باشقىلارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار ئىسلامنىڭ قۇرۇق جازىسىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، تېشى پارلاق، ئىچى قۇرۇق ئۆمۈر ئۆتكۈزدى. بۇرۇن ئىبنى سىنا، فارابىيلارنى يېتىشتۈرگەن مەدرىسىلەر كېيىنچە، قارا قورساقلارنى، جانباقارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا باشلىدى. مەدرىسىلەردە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە دېگەندەك ئىلىملەرنىڭ ئۆتۈلۈشىنى مەقسەتلىك ھالدا دەھرىيلەشكەنلىك دەپ تەشۋىق قىلىندى، ئىلىم- پەنگە يۈزلەنگەن كىشىلەرنى جەدىدىي دەپ قالپاق كىيگۈزۈپ ئەل جامائەتنىڭ كۆزىگە سەت كۆرسەتتى. ھەتتا ئۇلۇغ بېگەدەك ئالىملارنى ئاسترونومىيە ئىلمىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ئۆزىگە رەسەتخانا ياساتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى مۇرتەد دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۆز ئوغلىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگۈزدى، ئابدۇلقادىر داموللامنى بولسا، جەدىدىي دېگەن قالپاقنى كىيگۈزۈپ بىر خائىنىنىڭ قولى بىلەن ئۆلتۈرگۈزدى. دىن بىلەن پەن بىر- بىرىگە زىت قىلىپ كۆرسىتىلگەن مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە دىنىي ئىلىم ۋە دۇنيالىق ئىلىم دېگەن ئايرىمچىلىق رەسمىي ئوتتۇرىغا چىقتى. ئاخىرەتلىكنى دېگەنلەر مەدرىسىگە، دۇنيالىقنى دېگەنلەر يېڭىچە مەكتەپكە بارىدىغان بولدى. دىندا ئوقۇغانلار ئۆلىما ئاتالدى، ئۇلارنى مەسخىرە قىلماقچى بولسا، موللام دەپ قويىدىغان بولدى، پەندە ئوقۇغانلار زىيالىي ئاتالدى. ئۆلىما بىلەن زىيالىي ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى قېلىن تام سېلىندى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى مۇساپە بەكمۇ يىراقلاشتۇرۇۋېتىلدى.

ئىلىم- پەن بىلەن قوراللانغانلار دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان بولدى، ئىلىم- پەندىن يۈز ئۆرۈپ تەركىدۇنيا بولۇۋالغانلار دۇنيانىڭ قايسى يېرىدە بولسۇن، باشقىلارغا بېقىندى بولۇپ مەھكۇملۇقتا ياشايدىغان بولدى. دۇنيا رىقابەت دۇنياسى بولۇپ، دۇنيادا ئۆزىگە ئۆزىگە خوجايىن بولۇپ ياشاش ئۈچۈن رىقابەتتىن قاچماي، دۇنيا بىلەن يۈتۈنلىشىپ ياشاش شەرتتۇر. ئاللاھ تائالا بىزنى شۇنداق ياشسۇن دەپ، بىزنى زامانغا لايىق ھەربى كۈچى تەييارلاشنى، زاماننىڭ رىقابىتىگە شۇنداق ھازىر بولۇشنى ئەمر قىلىپ مۇنداق دېگەن: ﴿وَأَعِدُّوا لَهُمْ مَا اسْتَطَعْتُمْ مِنْ قُوَّةٍ وَمِنْ رِبَاطِ الْخَيْلِ تُرْهِبُونَ بِهِ عَدُوَّ اللَّهِ وَعَدُوَّكُمْ وَآخَرِينَ مِنْ دُونِهِمْ﴾ يەنى﴿ دۈشمەنلىرىڭلارغا قارشى قولۇڭلاردىن كېلىشىچە قورال كۈچى، جەڭ ئېتى تەييارلاڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ دۈشمىنى، ئۆزۈڭلارنىڭ دۈشمىنىنى ۋە ئۇلاردىن باشقا دۈشمەنلەرنى قورقۇتىسىلەر﴾[1]. بىز «قۇرئان كەرىم»نىڭ بىزنى بۇ دۇنيادا ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز خوجا بولۇپ ئەركىن، ھۆر ياشاشقا،

(1) سۈرە ئەنفال، 60- ئايەت.

ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپاتىغا نائىل بولۇشقا چاقىرغانلىقىنى ئۇزۇن يىللىق ئاچچىق ساۋاقلارنى باشتىن كەچۈرگەندىن كېيىن، ئەمدىلا تونۇپ يەتكەن بولساق، باشقىلار خېلى بۇرۇنلا بۇ قانۇنىيەتنى چۈشىنىپ ئىلىم- پەنگە يۈزلىنىش قىلغان ئىدى. ئايەتتىكى «دۈشمەنلەرنى قورقۇتۇش» دېگەننىڭ مەنىسى سىلەرنى يوق قىلماقچى بولغانلارغا، سىلەرنى مۇستەملىكە قىلماقچى بولغانلارغا ۋە سىلەرنى بوزەك قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك بولۇڭلار، ئۇلارنى ۋەھىمىگە سالغۇدەك كۈچ-قۇدرەتكە ئىگە بولۇڭلار، زامانىڭ تەرەققىياتىغا مۇناسىپ ھالدا قورال كۈچىگە ئىگە بولۇڭلار، شۇنىڭ بىلەن دۈشمىنىڭلارنى سىلەرگە خىرىستىن ئۈمىدسىزلەندۈرۈڭلار دېگەنلىكتۇر. بىز شۇنداق قىلدۇقمۇ؟ بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. چۈنكى بىز ئاللاھ تائالا بىزگە « ئى رەببىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن» دەپ تىلەڭلار دېيىش ئارقىلىق بىزنى ھەم دۇنيالىق ھەم ئاخىرەتلىك ئۈچۈن ئىشلەشكە دەۋەت قىلغان تۇرسا، بىز دۇنيالىقنى باشقىلارغا ئۆتنۈپ بېرىپ، ئاخىرەتلىككىلا تۇرىدىغان بولدۇق، ئاندىن بۇ ئاخىرەتلىكنىمۇ ئۆز جايىدىن ئەمەس، خانىقالاردىن، مازارلاردىن ۋە تەركىدۇنيالىقتىن ئىزدىدۇق. شۇنىڭ بىلەن بىز مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدۇق.

## قۇرئان بارلىق ئىلىمگە چاقىرىدۇ

«قۇرئان كەرىم» ئىنسانلارغا ئىلىم - پەندىن مەلۇم ماۋزۇلاردا يىپ ئۇچى بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئىزدىنىش يولىنى ئېچىپ بەرگەن بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ئۈستىدە تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، «قۇرئان كەرىم»نىڭ كۆپلىگەن تەبىئىي پەن ئىلىملىرىدىن خەۋەر بەرگەنلىكىنى كۆرىمىز. ﴿ أَلَمْ تَرَ أَنَّ اللَّهَ أَنزَلَ مِنَ السَّمَاءِ مَاءً فَأَخْرَجْنَا بِهِ ثَمَرَاتٍ مُّخْتَلِفًا أَلْوَانُهَا ۚ وَمِنَ الْجِبَالِ جُدَدٌ بِيضٌ وَحُمْرٌ مُّخْتَلِفٌ أَلْوَانُهَا وَغَرَابِيبُ سُودٌ. وَمِنَ النَّاسِ وَالدَّوَابِّ وَالْأَنْعَامِ مُخْتَلِفٌ أَلْوَانُهُ كَذَٰلِكَ ۗ إِنَّمَا يَخْشَى اللَّهَ مِنْ عِبَادِهِ الْعُلَمَاءُ ۗ إِنَّ اللَّهَ عَزِيزٌ غَفُورٌ﴾ يەنى﴿ كۆرمەمسەنكى، ئاللاھ ھەقىقەتەن بۇلۇتتىن يامغۇر ياغدۇردى. ئۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك، رەڭگارەڭ مېۋىلەرنى چىقاردۇق. تاغلاردىن ئاق، قىزىل، ھەر خىل رەڭلىك ۋە قاپقارا يوللار(قىلدى). شۇنىڭدەك ئىنسانلارنى، ھايۋانلارنى ۋە چارۋىلارنىمۇ رەڭگارەڭ قىلىپ ياراتتى، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ. شەكسىزكى، ئاللاھ غالىبتۇر، ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر.﴾(1) بۇ ئايەتتە ئۆسۈملۈكلەرگە، ھايۋاناتلارغا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەرگە، پىسخولوگىيە ۋە گېيولوگىيە قاتارلىقلارغا ئىشارەت قىلىنغان. ئاللاھ تائالانىڭ بۇ بايانلاردىن كېيىنلا ﴿ ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئىچىدە ئاللاھتىن پەقەت ئالىملارلا قورقىدۇ﴾ دېگەن سۆزى ھەر قايسى ئىلىم ساھەلىرىدىكى ئالىملارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. چۈنكى دىنىي ئالىم ئۆزىنىڭ مەدرىسىسىدە، ئىمام مېھرابتا ئاللاھ تائالانىڭ كاتتىلىقىنى ۋە ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ، بىئولوگىيە ئالىمى ئۆزىنىڭ تەجرىبىخانىسىدا، ئاسترونومىيە ئالىمى ئۆزىنىڭ رەسەتخانىسىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلۇغلىقىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئاللاھ تائالادىن قورقىدۇ. دېمەك، بۇ ئايەت بارلىق ئىلىم ئەھلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەنگىلىيەلىك

(1) سۈرە فاتىر، 27-28 ئايەتلەر.

پەيلاسوپ ھېربېرت سپېنسېر [1] «تەربىيە» ناملىق ئەسرىدە مۇنداق دەيدۇ: « تەبىئىي پەن ئىلىملىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئىبادەتتۇر. چۈنكى تەبىئىي پەن ئىلىملىرىگە ئىچكىرىلەپ كىرىش بىز سىرلىرىغا يېتىپ بولالماي دەرتلىنىۋاتقان ۋە ئاستا - ئاستا بىلىۋاتقان شەيئىيلەرنىڭ ئېسىللىكىنى ئېتىراپ قىلىش، ئاندىن ئۇلارنى ياراتقان زاتنىڭ چەكسىز قۇدرىتىنى تونۇش دېمەكتۇر. بۇ ئاغزاكى تەسبىھ ئەمەس، ئەمەلىي تەسبىھتۇر. مۇنداق ئىلىملەرگە قىلىنىدىغان ھۆرمەتمۇ مەنىسىز ھۆرمەت ئەمەس، بەلكى ئەقىل، تەپەككۇر ۋە ۋاقىتنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە كەلگەن قىممەتلىك ھۆرمەتتۇر. بۇنداق ئىلىم كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ قانداق شەكىل ۋە قانداق كەيپىياتتا ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈشتە ئىستىبدات يولىنى تۇتمايدۇ، لېكىن بىزگە بۇ مۇمكىن ئەمەسلىكنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن مۇناسىپ يولنى تۇتىدۇ ۋە ئىنساننى ئەقلى يېتىدىغان بارلىق ساھەلەرگە باشلاپ بېرىپ، ئاخىرىدا ئەقىلنىڭ سىرتىدا بولغان چېگرادا توختايدۇ. شۇ ۋاقىتتا دەيدۇكى، ئىنساننىڭ ئەقلى شۇنچىلىك يەرگىچە يېتىدۇ، ئەمما ئەقىل ئىدراك قىلالمايدىغان ئالەملەر كۆپ!».

ھېربېرت يوقىرىقى سۆزلىرىگە مىسال كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: « بىر تامچە سۇنى كۆرگەن ئالىم ئۇنىڭ ئوكسىگېن بىلەن ھېدروگېندىن مەلۇم نىسبەتتە تەركىب تاپقان سۇ ئىكەنلىكىنى، ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ تەبىئىتىدىن ئۆزگىرىپلا كەتسە، سۇ ئەمەس، باشقا نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇبدان بىلىدۇ. بۇنىڭدىن ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتىنى ۋە ھېكمەت بىلەن شۇنداق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. مۇنداق ئالىمنىڭ ئىلمى سۇ تامچىسىنى پەقەت بىر تامچە سۇ خالاس، دەپ بىلىدىغان ئالىمنىڭ ئىلمىدىن ئەلۋەتتە يوقىرى ۋە كۈچلۈك ئىلىمدۇر. شۇنىڭدەك، بىرتال قار دانىسىنى كۆرگەن ئالىممۇ ئۇنىڭدىكى بەدىئىي سەنئەتنى، دىققەت بىلەن لايىھىلەنگەن گۈزەللىكىنى كۆرىدۇ. شۈبھىسىزكى، بۇنىڭ بىلەن ئاللاھنىڭ ماھارىتىنى ۋە ھېكمەتلىك ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەمما شەيئىيلەرگە يۈزەكى باقىدىغان ئالىم قار دانىسىنى ‹مۇزلىغان سۇ› دەپلا كۆرىدۇ، بەس».

## دىندا ئالىم بولۇش

دىنىنى ئۆگىنىش، دىنىي بىلىملەرنى ئىگىلەش، دىنىنىڭ تەلىماتلىرىنى مۇكەممەل بىلىش، ئۇنىڭ ئەھكاملىرىنى توغرا چۈشىنىش دېگەنلەر ئەرەب تىلىدا «ئەل فىقھۇ فىددىن» دەپ ئاتىلىدۇ. «فىقھ»سۆزىنىڭ مەنىسى ئۆگىنىش ۋە بىلىش دېگەنلەردىن ئالاھىدە پەرقلىق بولۇپ، مۇكەممەل بىلىش ۋە توغرا چۈشىنىشنى ئىپادىلەيدۇ. شۇڭا «فەقىھ» سۆزى «ئالىم»سۆزىدىن ئەلۋەتتە چوڭدۇر. ھەر قانداق «فەقىھ»نى«ئالىم» دېگىلى بولىدۇ. ئەمما ھەر قانداق «ئالىم»نى «فەقىھ»دېگىلى بولمايدۇ.

دىنىي ئىلىم مەنپەئەت جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ ياخشىسى، مەرتىۋە جەھەتتىن ئىلىملەرنىڭ ئەڭ كاتتىسىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ :«ئاللاھ تائالا كىمگە

(1) ھېربېرت سپېنسېر (1820- 1903) ئەنگلىيەلىك ئاتاقلىق پەيلاسوپ، ئەدەبىيات ساھەسىدە نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

ياخشىلىقنى ئىرادە قىلسا، ئۇنى دىندا مۇكەممەل قىلىدۇ» [1] دېگەن سۆزى بۇنى ئىپادىلەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە ئوقۇش ۋە ئۆگىنىشنى جەننەتكە كىرىشنىڭ يولى دەپ ئوچۇق جاكارلىغان ھالدا: «ئوقۇش ئۈچۈن يول ئالغان ئادەمنىڭ جەننەتكە كىرىش يولىنى ئاللاھ ئوڭايلاشتۇرۇپ بېرىدۇ» [2] دېگەن.

## پەننىي ئىلىمنىڭ مەرتىۋىسى دىنىي ئىلىمدىن كەم ئەمەس

ئىلىم - پەن دىنغا دۈشمەن ئەمەس، ئۇنىڭغا زىتمۇ ئەمەس، بەلكى ئىلىم - پەن ئەقىللىك كىشىلەرنى ئىمانغا باشلايدىغان بىر يولباشچىدۇر. ئىلىم دېڭىزىغا شۇڭغۇپ ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولغان كۆپلىگەن ئالىملارنىڭ بۇ سىرلىق كائىناتنىڭ ئارقىسىدا ئۇنى ھىمايە قىلىپ ۋە باشقۇرۇپ تۇرىدىغان بىر ئىلاھىي قۇدرەتنىڭ بارلىقىغا ۋە ئۇنىڭدىكى ھەر نەرسىنىڭ مەلۇم قانۇنىيەتكە ئىگە، پۇختا يارىتىلغان سەنئەت ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھ تائالانىڭ دىنىغا قايىتقانلىقى ئەجەپلىنەرلىك ئەمەس. چۈنكى ئىلىم ھەر قاچان ئاللاھقا باشلىماي قالمايدۇ. دىنسىزلىق ئېتىقادى بىلەن تەبىئەت، ئاسترونومىيە، بىئولوگىيە، فىزىكا ۋە باشقا ئىلىم پەن ساھەلىرىگە قەدەم قويۇپ، بۇ ئىلىم - پەنلەر سايىسىدا ھەقىقەتنى تونۇپ ھىدايەت تاپقاندىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىغا ئىلمىي يوسۇندا يېتەرلىك دەلىللەرنى كەلتۈرگەن ۋە بۇ دەلىللىرى ئارقىلىق ئىلىم - پەندىن يۈزەكى مەلۇماتلىق بولۇپ، ئىلىمنى دىنغا قارشى قورال قىلماقچى بولغانلارغا قارشى كۈچلۈك رەددىيەلەرنى بېرىپ كەلگەن تەبىئىي پەن ئالىملىرىمۇ ناھايىتى كۆپ. گېرمانىيەلىك شائىر ۋە يازغۇچى ھىلمۇت ھۇگىل [3] مۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ساھەلىرى كېڭەيگەنسېرى تەڭداشسىز قۇدرەتلىك، يەككە - يېگانە ياراتقۇچىنىڭ بارلىقىغا بولغان كۈچلۈك ئىلمىي دەلىللەر كۆپەيمەكتە. بىئولوگىيە، فىزىكا، تەبىئەت، ئاسترونومىيە ئالىملىرى ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ ئىلىم مۇنبىرىنى تىكلىمەكتە. بۇ ئەينى ۋاقىتتا ئاللاھنىڭ ئۇلۇغلۇقىنىڭ مۇنبىرىدۇر».

ئەمما تەبىئىي پەندە ئۆزلىرىنى ئالىم ساناپ مەغرۇرلانغان ئاتېئىزمچىلار ئۆتمۈش زامانلارنىڭ ئەقلىيىتى بىلەن ياشىغۇچىلاردۇر. ئۇلار زامانىمىزدىكى ئىلىم - پەننىڭ قانچىلىك زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلغانلىقىنى ۋە ھەر بىر قەدىمىدە ئاللاھ تائالانىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلاۋاتقانلىقىنى كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ تەپەككۇر قىلىش تەرىزى باشقىلار سىزىپ بەرگەن چەكلىك نەزەرىيە دائىرىسىدە مەھبۇس بولغانلىقتىن، ئۇلارنىڭ ئەقلىمۇ شۇ ئەندىزە ئىچىدە مەھبۇستۇر.

---

(1) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(2) ئىمام مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ھىلمۇت ھۇگىل (1903-1980) گېرمانىيەلىك شائىر ۋە يازغۇچى، ئەدەبىيات ساھەسىدە كۆپلىگەن خەلقئارالىق مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن.

# بىدئەت ھەققىدە ئومۇمىي بايان (4)




ئابدۇللەھەد ھاپىز

### سەلەف سالىھىنلارنىڭ بىدئەتنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى بىلىش:

بىز ئالدىنقى سانلاردا بىدئەتنىڭ تەرىپى، بىدئەتنى ھەسەنە (ياخشى) ـ سەييىئە (يامان) ياكى زالالەت دەپ ئىككىگە ئايرىش توغرىسىدا ئۆلىمالارنىڭ قاراشلىرى، «بىدئەت توغرىلىق كەلگەن ئايەت ـ ھەدىسلەرنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟» دېگەن مەسىلىلەرنى تەپسىلىي بايان قىلدۇق. نۆۋەتتە «ساھابە كىراملار بىدئەت مەسىلىسىنى قانداق چۈشەنگەن؟» دېگەن مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرىمىز. چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئەڭ خەيرلىك ئەسىر مېنىڭ ئەسرىم...»[1] دەپ سۈپەتلىگەن ئەسىرنىڭ ئالىملىرى بولۇپ، قىيامەتكىچە كېلىدىغان ئىسلام ئۈممىتىگە ئۈلگىدۇر.

ھەممە ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە ياشىغان ۋە ئۇلاردىن دەرس ئالغان زاتلاردۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىش ئىزلىرىنى بىلىش ئىنتايىن مۇھىم. بىز ئۇلارنىڭ بىدئەتنى قانداق چۈشەنگەنلىكىنى ئىككى جەھەتتىن تەتقىق قىلىمىز: بىرى ساھابىلار ۋە ئۇلارغا ئەگەشكۈچىلەرنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن يېڭىلىقلارنى چىقىرىشى، يەنە بىرى ئۇلارنىڭ زالالەت بىدئەتلەردىن ئاگاھلاندۇرۇشى.

### سەلەف سالىھىنلارنىڭ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن يېڭىلىقلارنى چىقىرىشى:

ساھابە كىراملار، كۈنىمىزدىكى بەزى ئالىملاردەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇيرۇمىغان ۋە قىلمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى زالالەت بىدئەت دەپ چۈشەنگەن ئەمەس. شۇڭا ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدىمۇ، ۋاپات

---

(1)بۇخارى (2652) مۇسلىم (2533)

بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆزلىرى ياخشى دەپ قارىغان ئىشلارنى قىلىۋەرگەن؛ يېڭى زىكىرلەر، نامازلار ۋە دۇئالارنى پەيدا قىلغان. بۇنىڭ ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن رۇخسەت سورىمىغان. «رەسۇلۇللاھ بۇيرۇمىغان ياكى ئۆزى قىلمىغان ئىشنى قىلساق ئازغۇنلاردىن بولىمىز» دېمىگەن. چۈنكى ئۇلار قۇرئان ۋە سەھىھ ھەدىسنىڭ روھىغا ئۇيغۇن بولغان ياخشى ئىشلارنى پەيدا قىلىش، رەسۇلۇللاھ توسقان زالالەت بىدئەتكە كىرمەيدۇ، دەپ چۈشەنگەن. ساھابىلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا پەيدا قىلغان ئىبادەتلەرنى رەسۇلۇللاھ بىلگەندىن كېيىن مەنئى قىلمىغان بولسا، ئۇ «تەقرىرى سۈننەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ساھابىلار رەسۇلۇللاھتىن كېيىنمۇ دىننىڭ روھىغا ئۇيغۇن ياخشى ئىشلارنى «بىدئەت بولىدۇ» دېمەستىن قىلىۋەرگەن. تۆۋەندە بۇنىڭغا بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

**بىرىنچى، ساھابە كىراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ ھايات ۋاقتىدا چىقارغان ئىبادەتلىرى:**

**1 ـ تاھارەت ئالغاندا ناماز ئوقۇشنى ئادەت قىلىش:** بۇنى ھەزرىتى بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيدا قىلغان. بۇ ئىبادەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا خەۋەرمۇ بەرمىگەن ۋە رۇخسەتمۇ ئالمىغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مىراجدىن قايتقاندىن كېيىن، بىلالنى چاقىرىپ: «ئەي بىلال! ئىسلامدا سەن قىلغان ئەڭ ئۈلۈغ ئىشىڭ قايسى؟ ئۇنى ماڭا ئېيتىپ بەرگىن. چۈنكى مەن جەننەتتە سېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋاتقان ئاياغ تىۋىشىڭنى ئىشىتتىم» دېدى. بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «مېنىڭ نەزىرىمدە ئەڭ ئۈلۈغ ئىشىم، مەيلى كېچە مەيلى كۈندۈز قانداق چاغدا تاھارەت ئالسام، ئۇنىڭ بىلەن ئاللاھ نېسىپ قىلغان مىقداردا ناماز ئوقۇيمەن» دېدى.[1] پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى بىلالنىڭ ئۆزلىكىدىن قىلغان بۇ ئىشنى تەستىقلىدى. چۈنكى بىلالنىڭ بۇ ئىشى ئاللاھنىڭ دىنىغا ئۇيغۇن ئىدى؛ ئاللاھنىڭ دىنىدا ئەسلى بار بىر ئىش ئىدى ۋە كۆپ تاھارەت ئېلىش ۋە كۆپ ناماز ئوقۇشقا تەرغىب قىلاتتى.

**2 ـ نامازدا سۈرە فاتىھەدىن كېيىن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشنى ئادەت قىلىش:** ئىمام بۇخارى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قۇبا مەسجىدىدە ئەنسارلاردىن بىرسى ئىمام ئىدى. ئۇ نامازدا قاچان بىر سۈرە ئوقۇماقچى بولسا، ئالدى بىلەن سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇپ، ئاندىن بىر سۈرە ئوقۇيتتى. بۇ ئىشنى ھەر رەكئەتتە تەكرارلايتتى. جامائەت ئۇنىڭغا بۇ ھەقتە مۇنداق دېدى: "سەن ھەر قاچان سۈرە ئىخلاس بىلەن باشلايسەن، ئۇنىڭدىن كېيىن بۇ سۈرە بىلەن كۇپايىلەنمەي يەنە بىر سۈرە ئوقۇيسەن. يا سۈرە ئىخلاسنىلا ئوقۇغىن ياكى ئۇنى قويۇپ باشقا سۈرە ئوقۇغىن" دېدى. ئىمام: "مەن بۇ سۈرىنى

---

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ نومۇرى: 1098.

تەرك ئەتمەيمەن، خالساڭلار مۇشۇ تەرزدە ئىمام بولىمەن، خالىمساڭلار ئىمامىلىقنى تاشلاپ بېرىمەن″ دېدى. ئۇ جامائەتنىڭ ئەڭ پەزىلەتلىك كىشىسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقىسىنىڭ ئىمام بولۇشىنى خالىمايتتى. كېيىن ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كېلىپ ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەي پالانى! نامازنى دوستلىرىڭنىڭ بۇيرۇغىنىدەك ئوقۇشۇڭغا نېمە توسالغۇ بولىدۇ؟ بۇ سۈرىنى ھەر رەكئەتتە ئوقۇشۇڭغا سەۋەب نېمە؟» دېدى. ئىمام: «مەن بۇ سۈرىنى ياخشى كۆرىمەن» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بۇ سۈرىنى ياخشى كۆرۈشۈڭ سېنى جەننەتكە كىرگۈزىدۇ» دېدى.[1] بۇ ساھابە نامازنىڭ ھەر رەكئىتىدە سۈرە فاتىھەدىن كېيىن بىر سۈرە ئوقۇشتىن ئاۋۋال سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇشنى ئۆزى ئادەت قىلىۋالغان. بۇ رەسۇلۇللاھ قىلغان ياكى بۇيرۇغان ئىش ئەمەس. بۇنداق ئوقۇش ئۈچۈن رەسۇلۇللاھتىن ئىزنى سورىمىغان.

**3 ـ سۈرە ئىخلاسنى تەكرارلاش:** ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنىڭ كېچىچە «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد»نى تەكرارلىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئەتىسى ئەتىگەندە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى بايان قىلىپ، ئۇ سۈرىنى ئاز كۆرگەندەك ئىپادە بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «جېنىم ئىلكىدە بولغان ئاللاھ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ سۈرە قۇرئاننىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭدۇر» دېدى.[2] يەنە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنغان: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئادەمنى بىر قوشۇنغا قوماندان قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇ قوشۇندىكىلەرگە ئىمام بولۇپ ناماز ئوقۇيتتى ۋە نامازنى «قۇل ھۇۋەللاھۇ ئەھەد» بىلەن تۈگىتەتتى. قوشۇن قايتىپ كەلگەندە، قوماندانىنىڭ بۇ ئىشىنى رەسۇلۇللاھقا بايان قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سوراڭلار» دېدى. ئۇلار بېرىپ قوماندانىدىن سورىدى. ئۇ: ″بۇ سۈرە رەھمان بولغان ئاللاھنىڭ سۈپىتى، مەن ئۇنى ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن″ دېدى. ئۇنىڭ جاۋابى رەسۇلۇللاھقا يەتكۈزۈلگەندە، رەسۇلۇللاھ: «ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خەۋەر بېرىڭلار» دېدى.[3]

**4- «حمدا طيبا مباركا فيه» دېگەن سۆزنى قوشۇش:** رىفائە ئىبنى رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىدا ناماز ئوقۇۋاتاتتۇق، رەسۇلۇللاھ رۇكۇدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ «سمع الله لمن حمده »

---

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ نومۇرى: 741.

(2)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ نومۇرى:4726

(3)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ نومۇرى:6940

دېدى. ئارقىدا بىر ئادەم: «ربنا ولك الحمد حمدا كثيرا طيبا مباركا فيه» دېدى. ناماز تۈگىگەندە، رەسۇلۇللاھ: «نامازدا سۆزلىگەن كىم؟» دېدى. ”مەن“ دېدى، بىر ئادەم. رەسۇلۇللاھ: «ئوتتۇز نەچچە پەرىشتىنىڭ ئۇ سۆزۈڭنى يېزىش ئۈچۈن بەسلەشكەنلىكىنى كۆردۈم» دېدى.[1]ئىمام ئىبنى ھەجەر بۇ ھەدىسنىڭ شەرھىدە: ”بۇ ھەدىس نامازدا رەسۇلۇللاھ ئۆگەتمىگەن زىكرنى پەيدا قىلىشنىڭ جائىزلىقىغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇنداق بولغان ئىكەن نامازنىڭ سىرتىدا رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن زىكرلەرگە خىلاپ بولمىغان تەقدىردە يېڭى زىكرلەرنى چىقىرىشنىڭ جائىزلىقى ئەلادۇر.“[2]

**5- ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلىش:** قۇرەيشلەر ھەزرىتى خۇبەيب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇ تاھارەت ئېلىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ بۇ ئەمىلىنى تەستىقلىغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى سۈننەت قىلغان ئادەم دەپ ئاتالغان.[3]

**6- جامائەت بولۇپ زىكر قىلىش:** پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى ئاللاھ تائالانىڭ ئىسلامغا ھىدايەت قىلغانلىقى ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىگە شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن ئاللاھنى زىكر قىلىپ، ھەمدۇسانا ئېيتىپ ئولتۇرغان بىر جامائەتنى كۆرۈپ: «جىبرىل ماڭا ئاللاھنىڭ پەرىشتىلەر ئالدىدا ئۇلار بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىنى خەۋەر بەردى» دېگەن.[4]

ساھابە كىراملارنىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرى ھەدىس كىتابلىرىدا ناھايىتى كۆپ. بىز مۇشۇ مىساللار بىلەن كۇپايىلىنىمىز.

ساھابىلەرنىڭ بۇ ئىشلىرىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەن سىلەرگە «نامازنى مەن ئوقۇغاندەك ئوقۇڭلار»[5] دېگەن تۇرسام، نېمە ئۈچۈن ئۆزەڭلار خالىغانچە يېڭى ئىبادەت شەكلى چىقىرىۋالدىڭلار؟ دېمەستىن قوبۇل قىلغانلىقىدىن تۆۋەندىكى ھۆكۈملەر چىقىدۇ:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شەرىئەتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان تائەت ـ ئىبادەتنى مەنئى قىلمايتتى. چۈنكى ئۇ ئىشنى پەيدا قىلغۇچى شەرىئەتكە خىلاپ ئىش قىلمىغان ئىكەن، ئۇنىڭ پەيدا قىلغان ئىشى قانداق ۋاقىتتا قىلسا ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، مەكرۇھ ياكى زاالالەت بىدئەت سانالمايدۇ.

2 ـ ئاللاھ ۋە رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن بىر نەرسىگە قەيت قىلىنمىغان ئىبادەتلەرنى

(1)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى. (284/2)

(2)فتح الباري شرح صحيح البخاري، كتاب الصلاة.

(3)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى. ھەدىسنىڭ نومۇرى: 379/7

(4)[ رواه مسلم في صحيحه (2075/4) ، والنسائي في السنن (249/8) وغيرهما ]

(5)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

بىر كىشى بىرەر زامان ياكى ماكانغا خاس قىلسا، بۇنىڭدا بىر گۇناھ يوق. چۈنكى رەسۇلۇللاھ ھەزرىتى بىلالنىڭ قاچان تاھارەت ئالسا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى ۋە ھەزرىتى خۇبەيبىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش ئالدىدا ئىككى رەكەت ناماز ئوقۇشنى تەستىقلىدى. يەنى ئۇلار ئۇ ئىككى نامازنى ئىككى ۋاقىتقا مەخسۇس قىلدى.

3 ـ رەسۇلۇللاھنىڭ نامازدا پەيدا قىلىنغان يېڭى زىكرنى، نامازدا مەخسۇس بىر سۈرىنى داۋاملىق ئوقۇشنى ۋە نامازدا بۇيرۇلمىغان زىكرلەرنى زىيادە قىلىشنى ـ ئۆزى بۇلارنىڭ ھېچبىرىنى نە پەرز نامازلاردا نە تەھەججۇد نامازلىرىدا ئوقۇمىغان تۇرۇقلۇق ـ قوبۇل قىلغانلىقىدىن شۇنى بىلىمىزكى، رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن دۇئالارغا زىت كەلمەيدىغان دۇئالارنى،زىكرلەرنى پەيدا قىلىش، بولۇپمۇ نامازدىن كېيىن، ئەزاندىن كېيىن، جەڭ مەيدانى، يامغۇر ياققان ۋاقىتقا ئوخشاش ئىجابەت ۋاقىتلىرىدا ئوقۇيدىغان دۇئالارنى پەيدا قىلىش زالالەت بىدئەت ئەمەس. بۇنىڭغا ئاساسەن سالىھ ئۆلىمالار پەيدا قىلغان دۇئالار شەرىئەتتە بۇيرۇلغان دۇئالارغا خىلاپ بولمىغان تەقدىردە بىدئەت بولمايدۇ. ئەمما سوپىلار چىقىرىۋالغان تەۋھىد ئەقىدىسىگە زىت كېلىدىغان دۇئا ۋە مۇناجاتلار زالالەت بىدئەت بولۇپ، ئۇلارنى ئوقۇش جائىز بولمايدۇ.

4 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلارنىڭ مەسچىدتە توپلىشىپ ئاللاھ تائالانىڭ رەسۇلۇللاھنى بۇ ئۇممەتكە پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن نېمىتىنى ئەسلەپ شۈكۈر قىلىش يۈزىسىدىن زىكىر قىلىشنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن، مەسجىدلەردە ئولتۇرۇپ جامائەت شەكلىدە قۇرئان تىلاۋەت قىلىش، زىكىر ـ تەسبىھ ئېيتىشنىڭ شەرىئەتتە جائىز ئىكەنلىكى چىقىدۇ. بۇ يېڭىلىقلار شەرىئەتتە چەكلەنمىگەن ئومۇمىي ئىشلاردىن بولغان ئىكەن؛ ئۇ ئىشلارنى قىلىش ئاللاھ تائالاغا يېقىنلاشتۇرىدىغان ياخشى ئىشلاردىن بولىدۇ، بىدئەت بولمايدۇ.

**ئىككىنچى، ساھابە كىراملارنىڭ رەسۇلۇللاھ ۋاپات بولغاندىن كېيىن چىقارغان يېڭىلىقلىرى:**

**1 ـ قۇرئاننى توپلاپ بىر كىتاب قىلىش:** زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: يەمامە ئۇرۇشى داۋام قىلىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەبۇ بەكرى مېنى چاقىردى. يېنىغا بارغىنىمدا ئۇ ئۆمەر بىلەن بىرگە ئىدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا: «ئۆمەر يېنىمغا كېلىپ: يەمامە ئۇرۇشىدا قۇرئاننى يادقا بىلىدىغان قارىلار كۆپ ئۆلۈپ كەتتى. قارىلارنىڭ ھەممىسى ئۆلۈپ كەتسە، قۇرئان ئۇلار بىلەن كېتىپ قالىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلىۋاتىمەن. ئۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئاننى توپلاشنى بۇيرۇغىن دېدى. مەن ئۆمەرگە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان ئىشنى قىلساق قانداق بولىدۇ؟! دېدىم. ئۆمەر: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىش،

دېدى. ئۆمەر بۇ گەپنى قىلىۋېرىپ ئاخىرى ئاللاھ مېنىڭ قەلبىمنى بۇ ئىشقا ئاچتى. مەنمۇ ئۆمەرگە ئوخشاش قارايمەن» دېدى. ئەبۇ بەكرى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «سەن ئەقىللىق ياش يىگىتسەن، ساڭا ھەممىمىز ئىشەنچ قىلىمىز. سەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كەلگەن ۋەھىيلەرنى يازاتتىڭ. ئۇنىڭ ئۈچۈن سەن قۇرئان كەرىمنى توپلاپ بىر كىتاب قىلغىن» دېدى. مەن: «رەسۇلۇللاھ قىلمىغان ئىشنى قانداق قىلىسىلەر؟» دېدىم. ئەبۇ بەكرى: «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىشتۇر» دېدى. ئەبۇ بەكرى بۇ گەپنى قىلىۋېرىپ ئاخىرى ئاللاھ تائالا ئەبۇ بەكرى بىلەن ئۆمەرنىڭ قەلبىنى ئاچقان ئىشقا مېنىڭمۇ قەلبىمنى ئاچتى. شۇنىڭ بىلەن ھەيئەت تەشكىللەپ قۇرئان كەرىمنى توپلاپ، بىر كىتاپ قىلدۇق.[1] بۇ ۋەقەدە ئۆمەر بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ «ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ ياخشى ئىشتۇر» دېگەن سۆزى مۇھىم. چۈنكى بۇ سۆز ساھابىلارنىڭ قۇرئان ـ ھەدىسكە مۇۋاپىق ياخشى ئىشلارنى پەيدا قىلىش زالالەت بىدئەت ئەمەس دەپ قارايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

**2 ـ تەراۋىھ نامىزىنى جامائەت بىلەن ئوقۇش:** ئابدۇررەھمان ئىبنى ئابدۇل قارى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىلەن رامىزاننىڭ بىر ئاخشىمى مەسجىتكە چىقتۇق. ئىنسانلار مەسجىتتە ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ناماز ئوقۇۋاتاتتى. كېيىن ئۆمەر ئىنسانلارنى ئۇبەيي ئىبنى كەئبكە ئىقتىدا قىلىپ جامائەت بولۇپ ناماز ئوقۇشقا توپلىدى. يەنە بىر ئاخشام يەنە ئۆمەر بىلەن مەسجىدكە چىقتۇق، ئىنسانلار بىر قارىمغا ئىقتىدا قىلىپ ناماز ئوقۇۋاتاتتى. بۇنى كۆرگەن ئۆمەر: «بۇ نېمىدېگەن ياخشى بىدئەت» دېدى.[2]

**3 ـ جۈمە ئۈچۈن بىرىنچى ئەزاننى زىيادە قىلىش.** سائىب ئىبنى يەزىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ئەبۇ بەكىر ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ زامانىدا جۈمە كۈنى ئىمام خۇتبە ئوقۇش ئۈچۈن مۇنبەردە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئەزان ئوقۇلاتتى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئىنسانلار كۆپىيىپ كەتكەچكە زەۋرا (بازارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئېگىز جاي) نىڭ ئۈستىدە بىر ئەزان زىيادە قىلىندى.[3] يەنى سۈننەت بولغىنى ئىمام خۇتبىگە چىققاندا ئەزان ئوقۇش. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ۋاقتىدا ئىنسانلار كۆپىيىپ مەسجىدكە ۋاقتىدا كېلىپ بولالمايدىغان ئەھۋال يۈز بەرگەندە، كىشىلەرگە ناماز ۋاقتى كىرگەنلىكىنى خەۋەر بېرىش ئۈچۈن بازارنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئېگىز جايدا بىر ئەزان ئوقۇش زىيادە قىلىنغان. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار كۆپ،

(1)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى [4986]

(2)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى: [2010]

(3)صحيح البخاري : الجمعة ، باب الأذان يوم الجمعة ، برقم 912

بىز مۇشۇ ئۈچ مىسال بىلەن كۇپايە قىلىمىز.

يۇقىرىدىكى مىساللاردىن شۇنى بىلىش لازىمكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى رەسۇلۇللاھنىڭ «يېڭى پەيدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىش بىدئەتتۇر» دېگەن سۆزىنى بۈگۈنكى بەزى ئالىملارغا ئوخشاش رەسۇلۇللاھ قىلمىغان ياكى بۇيرۇمىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى زالالەت بىدئەت دەپ چۈشەنمىگەن. ئۇلار ئاللاھ تائالانىڭ «ياخشى ئىشلارنى قىلىڭلار»[1] دېگەن سۆزىگە بىنائەن قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ روھىغا زىت كەلمەيدىغان ياخشى ئىشلارنى قىلىش ـ گەرچە ئۇ رەسۇلۇللاھ قىلمىغان ياكى بۇيرۇمىغان ئىش بولسىمۇ ـ بىدئەت بولمايدۇ، دەپ چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇلار يۇقىرىقىدەك يېڭى ئىشلارنى قىلىۋەرگەن.

بەزىلەر رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر قىلمىغان دېگەن باھانە بىلەن نۇرغۇن ئىشنى بىدئەت دەپ ھۆكۈم قىلىپ، ئۇ ئىشلارنى قىلغانلارنى بىدئەتچى، ئازغۇن دەپ ئاتايدۇ. بۇ دىندا چېكىدىن ئاشۇرىۋەتكەنلىك ۋە ئىسلام شەرىئىتىنىڭ مەقسەت ۋە قائىدىلىرىنى توغرا چۈشەنمىگەنلىكتۇر. بۇ ئۆزىنى چوڭ تۇتۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ سانلىق ئالىملىرىنىڭ قاراش ۋە چۈشەنچىلىرىنى باتىلغا چىقىرىش، ئۇلارغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشتىن چېكىنمەسلىك، ئۆزىنىڭ چۈشەنگىنىلا ھەقىقەت دەپ قاراش ھەۋەسىدىن ئىبارەتتۇر. ھاۋايى ـ ھەۋەسكە بېرىلىپ، بىلمەسلىك بىلەن ئىش قىلىشتىن ئاللاھقا سىغىنىمىز.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ زامانىدا بولمىغان، كېيىن مۇسۇلمانلار پايدىلىق دەپ قارىغان ھەر قانداق بىر ئىشقا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كېيىن پەيدا بولغان بىر ئىش سەۋەب بولغان بولسا، ئۇ چاغدا ئېھتىياج ھاسىل بولغان ئىشنى پەيدا قىلىش جائىز بولىدۇ.[2]

كىمكى رەسۇلۇللاھنىڭ قىلغانلىقى سابىت بولغان ئەمەلگە بىر نەرسە زىيادە قىلىشقا بولمايدۇ، دەپ گۇمان قىلىدىكەن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ساھابە كىراملار پەيدا قىلغان ئىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ تەستىقلىغانلىقى، تەستىقلاپلا قالماستىن ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ رازىلىقى، جەننەت، پەرىشتىلەرنىڭ ئۇنى يېزىشتا بەسلەشكەنلىكى بىلەن بىشارەت بەرگەنلىكىگە خىلاپلىق قىلغان بولىدۇ. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر يەردە دۇئا قىلغاندا قولىنى كۆتۈرگەنلىكى سابىت بولغان ئىكەن، ھەر قانداق ۋاقىتتا دۇئا قىلغاندا قولىنى كۆتۈرۈش جائىز بولىدۇ، بىدئەت بولمايدۇ. يەنە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېچە نامىزىنى ئون بىر رەكئەتتىن زىيادە ئوقۇمىغان دېگەن ھەدىس، ئۇنىڭدىن زىيادە نەفلە ناماز ئوقۇشنىڭ، رامىزاندا تاراۋىھ نامىزىنى 20

(1)سۈرە ھەج: 77 ـ ئايەت.

(2)اقتضاء الصراط المستقيم[ ص 258 ، ط دار الحديث ]

رەكئەت ئوقۇشنىڭ بىدئەتلىكىنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈنكى كېچە نامىزى نەفلە بولۇپ، كىشى قانچىلىك ئوقۇسا شۇنچىلىك ساۋاپقا ئېرىشىدۇ.

**ساھابىلارنىڭ سۈننەتكە مەھكەم ئېسىلىش ۋە بىدئەتنى تاشلاش ھەققىدىكى سۆزلىرىنى توغرا چۈشىنىش.**

ساھابىلارنىڭ يۇقىرىدىكى ئىش ئىزلىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇلارنىڭ بىدئەتنى سۆكۈش ھەققىدە كەلگەن سۆزلىرىنىڭ ھەممىنى دىندا ھېچقانداق بىر ئاساسقا تايانمىغان ۋە قۇرئان ـ ھەدىسنىڭ روھىغا زىت كېلىدىغان زالالەت بىدئەتكە قارىتىلغان دەپ چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئۇ سۆزلەردىن بەزىلىرى:

1 ـ ھەزرىتى ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ سۆزلىرى: «سۈننەت بىلەن كۇپايىلىنىش، بىدئەت چىقىرىشقا تىرىشقاندىن ياخشى.»[1] «سۈننەتكە ئەگىشىڭلار، بىدئەت چىقارماڭلار، چۈنكى كۇپايە قىلىندىڭلار (سۈننەت سىلەرگە يېتىدۇ).»[2] «سۈننەتكە ئەگىشىڭلار، بىدئەت چىقارماڭلار، چۈنكى كۇپايە قىلىندىڭلار، ھەرقانداق بىدئەت زالالەتتۇر.»[3] بۇ سۆزلەردىن مەقسەت، زالالەت بىدئەت بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرۇش زۆرۈردۇر.

2 ـ توپلىشىپ زىكىر ـ تەسبىھ ئوقۇش بىدئەت دەيدىغانلار تايىنىدىغان، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مەسجىددە ئولتۇرۇپ يۇقىرى ئاۋاز بىلەن زىكىر ـ تەسبىھ ئوقۇۋاتقانلارنى كۆرۈپ، سىلەر بىدئەتچىلەر، دەپ مەسجىددىن قوغلىۋەتكەن، دېگەن رىۋايەتكە كەلسەك، بۇنى ئابدۇرراززاق ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەھىھ ئەمەس. بۇ رىۋايەت ھەققىدە مۆتىۋەر ھەدىس ئالىملىرىنىڭ سۆزلىرى مۇنداق:

ئىمام ھافىز ئەسسۇيۇتى رەھمەتۇللاھى ئەلەيھى مۇنداق دەيدۇ: «ئىبنى مەسئۇددىن كەلگەن بۇ رىۋايەت ئىشەنچلىك ھەدىس ئىماملىرىنىڭ كىتابلىرىدا زىكىر قىلىنمىغان. بۇ رىۋايەت سەھىھ بولغان تەقدىردىمۇ نۇرغۇن سەھىھ ھەدىسقا زىت كېلىدۇ. ئىمام ئەھمەد ھۇسەين ئىبنى مۇھەممەددىن، ئۇ مەسئۇدىدىن، ئۇ ئامىر ئىبنى شەقىقتىن، ئۇ ئەبۇ ۋائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بەزى ئىنسانلار ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ زىكىردىن توسقانلىقىنى گۇمان قىلىشىدۇ، مەن قاچان ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇدنىڭ مەجلىسىدە ئولتۇرسام، ئۇ مەجلىستە زىكىر ئوقۇلاتتى.»[4]

---

(1)ئىمام دارەمى ۋە بەيھەقى رىۋايەت قىلغان. ھاكىم سەھىھ دېگەن. ئىمام زەھەبى بۇنىڭغا قوشۇلغان. ئەلبانى سەھىھ دەپ باھا بەرگەن. [ الباعث ص 13 ، الأمر بالاتباع ص 48 ، صحيح الترغيب والترهيب ص 21 ، سنن الدارمي مع شرحه فتح المنان 2 : 288 ]

(2) ئىمام دارەمى ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ھەيسەمى راۋىلىرى سەھىھ دېگەن. [ مجمع الزوائد 1 : 181 ، سنن الدارمي مع شرحه فتح المنان 2 : 258 ]

(3) ئەبۇ خەيسەمە رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى ئىسنادى سەھىھ دېگەن. [ كتاب العلم ص 122 ]

(4)الحاوي للفتاوي (1 : 379)

ئىمام ئىبنى ھەجەر ئەل ھەيتەمى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇدنىڭ مەسجىددىن كىشىلەرنى قوغلىۋەتكەنلىكى توغرىسىدىكى رىۋايەت سەھىھ ئەمەس، بەلكى ئۇنداق بىر رىۋايەت يوق. بۇ رىۋايەت ئىمام ئەھمەدنىڭ ۋائىلدىن رىۋايەت قىلغان يۇقىرىدىكى ھەدىسكە زىت كېلىدۇ. ئەڭ توغرىسىنى بىلگۈچى ئاللاھتۇر.[1]

ئەللامە ئالۇسى مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى مەسئۇدنىڭ كىشىلەرنى مەسجىددىن قوغلاپ چىقارغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەت سەھىھ ئەمەس. ئۇنى سەھىھ دەپ پەرەز قىلساق باشقا سەھىھ ھەدىسلەرگە زىت كېلىدۇ. ياكى ئۇنى مەسجىددە ھەددىدىن زىيادە ئاۋاز چىقارغانلىقىقا قارشى چىققان دېيىش مۇمكىن.[2]

ئىبنى مەسئۇددىن نەقىل قىلىنغان بۇ رىۋايەت زىت كېلىدىغان سەھىھ ھەدىسلەر:

**1 ـ توپلىشىپ زىكىر، تەسبىھ، تەكبىر ئوقۇشنىڭ جائىزلىقى ھەققىدە:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئاللاھ تائالانىڭ بەزى پەرىشتىلىرى بار بولۇپ، ئۇلار زىكىر ئەھلىنى ئىزدەپ يۈرىدۇ. بىر يەردە ئاللاھ ئەززە ۋە جەللىنى زىكىر قىلىۋاتقان بىر جامائەتنى ئۇچراتسا، ‹بۇياققا كېلىڭلار، سىلەر ئىزدىگەن نەرسە بۇ يەردە ئىكەن› دەپ، بىر ـ بىرىنى چاقىرىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەرىشتىلەر توپلىشىپ ئۇلارنى قاناتلىرى بىلەن ئوراپ بىرىنچى ئاسمانغىچە چىقىدۇ. ئاللاھ تائالا ـ بىلىپ تۇرۇپ ـ ئۇلاردىن سورايدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىم نېمە دەۋاتىدۇ؟» پەرىشتىلەر: ئۇلار ساڭا تەسبىھ ئېيتىۋاتىدۇ، تەكبىر ئېيتىۋاتىدۇ، ھەمدە ئېيتىۋاتىدۇ ۋە سېنى ئۇلۇغلاۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئاللاھ تائالا: «گۇۋاھ بولۇڭلاركى مەن ئۇلارنى مەغپىرەت قىلدىم» دەيدۇ.[3]

**2 ـ زىكىرنى ساناپ ئوقۇش ھەققىدە:** ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان: «كىمكى بىر كۈندە (لا إله إلا الله وحده لا شريك له له الملك وله الحمد وهو على كل شيء قدير) نى يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭغا ئون قۇل ئازاد قىلغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا يۈز ياخشىلىق يېزىلىدۇ.» يەنە بىر رىۋايەتتە: «كىمكى بىر كۈندە (سبحان الله وبحمده) نى يۈز قېتىم ئوقۇسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى دېڭىزنىڭ كۆپۈكلىرىدەك كۆپ بولسىمۇ ھەممىسى ئۆچۈرىلىدۇ.»[4]

**3 ـ زىكىرنى تەسۋى بىلەن ساناش ھەققىدە:** زىكىر ـ تەسبىھلەرنى تەسۋى بىلەن سانىسا ھېچنەرسە بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ سانىنى بىلىش ۋاستىسى. بۇ ھەقتە سەئد ئىبنى ئەبى ۋاققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئايالنىڭ يېنىغا

(1)الفتاوى الفقهية الكبرى (1 : 177)

(2)روح المعاني (6 : 163)

(3)صحيح البخاري : كتاب الدعوات ، باب فضل ذكر الله عز وجل.

(4)صحيح مسلم : كتاب الذكر ، باب فضل التهليل والتسبيح والدعاء.

كىردۇق. ئۇ ئايال قولىدا ئۇرۇقچا ياكى ئۇششاق تاشلار بىلەن تەسبىھلەرنى ساناپ ئولتۇراتتى، رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالغا: «مەن سىزگە بۇنىڭدىن ئاسانراق بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ دېگەندىن كېيىن «سُبْحَانَ اللَّهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي السَّمَاءِ وَسُبْحَانَ اللَّهِ عَدَدَ مَا خَلَقَ فِي الأَرْضِ وَسُبْحَانَ اللَّهِ عَدَدَ مَا بَيْنَ ذَلِكَ وَسُبْحَانَ اللَّهِ عَدَدَ مَا هُوَ خَالِقٌ وَاللَّهُ أَكْبَرُ مِثْلُ ذَلِكَ وَالْحَمْدُ لِلَّهِ مِثْلُ ذَلِكَ وَلا إِلَهَ إِلا اللَّهُ مِثْلُ ذَلِكَ وَلا حَوْلَ وَلا قُوَّةَ إِلا بِاللَّهِ مِثْلُ ذَلِكَ"نى ئوقۇڭ» دېدى.[(1)] بۇ يەردە رەسۇلۇللاھ ئۇ ئايالنى ئۇرۇقچا ياكى تاش بىلەن ساناشتىن چەكلىمىدى، بەلكى تېخىمۇ ئاسان بىر ئىشنى ئېيتىپ بەردى. يۇقىرىدىكى زىكرنى يۈز ئوقۇش ھەققىدىكى ھەدىس ۋە باشقا ھەدىسلەر زىكرنى ساناپ ئوقۇشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىدى، ساناش ئۈچۈن سايمان كېرەك. تەسۋى ساناش سايمىنى بەس.

## بىر ئىشنى قىلماسلىق ئۇ ئىشنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرمەيدۇ:

تېمىمىزنى مۇھىم بىر نۇقتا بىلەن ئاخىرلاشتۇرىمىز. ئۇ بولسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يا ساھابە كىراملارنىڭ بىر ئىشنى قىلمىغانلىقى ياكى ئۇ ئىشنى قىلغانلىقى ھەققىدە رىۋايەت يوقلىقى ئۇ ئىشنىڭ زالالەت بىدئەت ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەيدىغانلىقىدۇر.

بەزى ئالىملار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ياكى ساھابە قىلمىغان دېگەن دەلىل بىلەن نۇرغۇن ئىشلارنى ھارام-بىدئەت دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. يەنى ئۇلار «بىزنىڭ دەلىلىمىز بۇ ئىشنى رەسۇلۇللاھنىڭ ياكى ساھابىنىڭ قىلغانلىقىغا دەلىلنىڭ يوقلىقىدۇر» دەيدۇ. ھەقىقەت شۇكى، تەرك ئېتىلگەن ئىشنىڭ چەكلەنگەنلىكىنى يا ھاراملىقىنى كۆرسىتىدىغان ئوچۇق ھۆججەت-دەلىل بولماستىن تەرك ئېتىشنى ياكى ئۇ ئىشنى قىلغانلىق ھەققىدە رىۋايەت يوقلىقنى ھۆججەت قىلىپ ھۆكۈم چىقىرىش جائىز ئەمەس. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رامىزاندىن باشقا چاغدا تولۇق بىر ئاي روزا تۇتقانلىقى ھەققىدە رىۋايەت يوق. بۇ تولۇق بىر ئاي نەفلە روزا تۇتۇشنىڭ مەكرۇھلىقىنى بىلدۈرمەيدۇ.[(2)] چۈنكى بىر ئىشنى قىلمىغانلىق ھارام ئۇياقتا تۇرسۇن مەكرۇھلىقىنىمۇ بىلدۈرمەيدۇ. بۇ قائىدىنىڭ دەلىلى مۇنداق:

بىرىنچى، ھارام قىلىش ئۈچۈن مۇنۇ ئىشلارنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك: 1- نەھيى قىلىنغان بولۇشى. 2- ھارام دېگەن سۆز ئىشلىتىلگەن بولۇشى. 3- ئۇ ئىش قاتتىق ئەيىپلەنگەن بولۇشى. 4- ئۇ ئىشنى قىلغۇچى ئازاب بىلەن ئاگاھلاندۇرۇلغان بولۇشى. 5- ھارام قىلىشنى تەقەززا قىلىدىغان شەرئىي ھۆكۈملەردىن بىرىنىڭ ئىچىگە كىرىشى.

---

(1)رواه ابن حبان في صحيحه , انظر : موارد الظمآن إلى زوائد ابن حبان للهيثمي : الأذكار , باب فضل التسبيح والتهليل والتحميد , ص 579, برقم 2330.

(2)المحلى : ج2 : ص271 .

ئىككىنچى، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەيغەمبەر سىلەرگە بەرگەننى ئېلىڭلار، پەيغەمبەر چەكلىگەن نەرسىدىن يېنىڭلار»[1] بۇ يەردە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر قىلمىغان نەرسىدىن يېنىڭلار دېمىدى. دېمەك، بىر ئىشنى قىلماسلىق ھاراملىقنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئۈچۈنچى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: «مەن سىلەرنى بۇيرۇغان ئىشلاردىن كۈچۈڭلار يەتكەننى قىلىڭلار. سىلەرنى توسقان ئىشلاردىن يېنىڭلار.»[2] بۇ يەردىمۇ مەن قىلمىغان ئىشلارنى قىلماڭلار دېمىدى. قانداقمۇ تەرك ئېتىش ھاراملىقنىڭ دەلىلى بولىدۇ؟!

تۆتىنچى، ئۇسۇل ئۆلىمالىرى (قۇرئان-ھەدىستىن ھۆكۈم چىقىرىش قائىدە ۋە ئۇسۇللىرىنى بېكىتكۈچى ئالىملار)دىن ھېچبىرى تەرك ئېتىشنى ھارام قىلىشنىڭ دەلىلى قىلمىدى. شۇنىڭدەك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىنى تەرىپلەشتىمۇ تەرك ئېتىشنى تىلغا ئالمىدى.

بەشىنچى، تەرك ئېتىش (قىلماسلىق) ھارامدىن باشقا كۆپلىگەن ئېھتىماللىقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇسۇلي قائىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئېھتىماللىقنى ئىچىگە ئالغان نەرسە دەلىل بولالمايدۇ».

**تەرك ئېتىشنىڭ تۈرلىرى:**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر ئىشنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ ھارام بولۇشتىن باشقا مۇنداق بىر نەچچە تۈرلۈك ئېھتىماللىقى بار:

1 ـ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئادەتلەنمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھقا پۇشۇرۇلغان كېلە گۆشى تەقدىم قىلىنغان ئىدى. ئۇنىڭغا قولنى ئۇزۇتىشىغا ئۇ كېلە گۆشى دېيىلدى. رەسۇلۇللاھ ئۇنىڭدىن قولىنى تارتتى. ئۇ ھاراممۇ؟ دەپ سورىغاندا، «ياق، مېنىڭ يۇرتۇمدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى كۆڭلۈم تارتمايدۇ» دېدى.[3]

2 ـ ئۇنتۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ بىر كۈنى نامازدا بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغان. ساھابىلەر: نامازدا بىر ئۆزگىرىش يۈز بەردىمۇ؟ دەپ سورىغاندا رەسۇلۇللاھ: «ياق، مەن بىر ئىنسان، سىلەر ئۇنتۇغاندەك مەنمۇ ئۇنتۇيمەن، ئەگەر ئۇنتۇپ قالسام ماڭا ئەسلىتىڭلار» دېدى.[4]

3 ـ تەرك ئېتىشى ئۈممىتىگە پەرز بولۇپ قېلىشتىن قورققانلىقى ئۈچۈن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: رەسۇلۇللاھ مەسجىدتە تاراۋىھ ئوقۇغاندا، ساھابىلار توپلىشىپ رەسۇلۇللاھ بىلەن بىرلىكتە ئوقۇشقا باشلىدى. رەسۇلۇللاھ تەراۋىھنىڭ پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ ئۇنى جامائەت بىلەن ئوقۇشنى تەرك ئەتتى.[5]

---

(1)سۈرە ھەشر: 7 ـ ئايەت.

(2)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(4)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(5)ئىمام بۇخارى رىۋايىتى.

4 ـ شۇنداق قىلىش ئۆيگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جۈمە كۈنلۈكتە بىر تۈۋرۈككە يۆلىنىپ تۇرۇپ خۇتبە ئوقۇياتتى. بىر ئۇستىلىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇشنى ئويلىمىغان ئىدى. ساھابىلەر مۇنبەر ياساپ بېرىشنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىپ خۇتبە ئوقۇشنى تەكلىپ قىلغاندا، ئۇنىڭغا قوشۇلغان. چۈنكى مۇنبەرنىڭ ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇسا يىراقتىلەرنىڭ خۇتبىنى ئاڭلىشى ئاسانراق بولاتتى.

5 ـ ياخشىلىققا بۇيرۇيدىغان ئايەت ۋە ھەدىسنىڭ ئومۇمىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىشكە ھاجەت يوق دەپ تەرك ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن زۇھا (چاشگاھ) نامىزى ئوقۇشنى ۋە كۆپلىگەن مۇستەھەب ئىشلارنى تەرك ئەتكىنىگە ئوخشاش. چۈنكى ئۇ ئىشلار «نىجاتلىققا ئېرىشىشىڭلار ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىڭلار» (1) دېگەن ئايەتنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

6 ـ ساھابىلارنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقىدىن قورقۇپ تەرك ئەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: «ئەگەر قەۋمىڭىزدىن يېڭى مۇسۇلمان بولغان كىشىلەر بولمىسا ئىدى، كەبىنى يىقىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇل

---

(1)سۈرە ھەج: 77 ـ ئايەت.

بويىچە ياساپ چىقاتتىم. چۈنكى قۇرەيشلەر ئۇنى كىچىكلىتىۋەتكەن ئىدى» دېگەن.[2]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر ئىشنى تەرك ئەتكەنلىكى ياكى قىلمىغانلىقى بۇنىڭدىن باشقا ئېھتىماللارنىمۇ ئىچىگە ئالىدۇ. بۇنى ھەدىس كىتابلىرىنى ياخشى مۇتالىئە قىلغان كىشى بىلەلەيدۇ. سەھىھ ھەدىس ياكى ئەسەردە (3) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلمىغان قايسى بىر ئىشنى ھارام بولغانلىقى ئۈچۈن تەرك ئەتكەنلىكى بايان قىلىنغان ئەمەس. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرك ئەتكەنلىكى ھاراملىقنى بىلدۈرمىسە، ساھابە ۋە تابىئىنلارنىڭ تەرك ئەتكەنلىكىنىڭ ھاراملىقنى بىلدۈرمەيدىغانلىقى تېخىمۇ ئېنىق گەپ. ئىسلام ئۆلىمالىرىنىڭ نەزىرىدە ئېنىق بولغان نەرسە شۇكى، ئەمەللەر نىيەتلەرگە باغلىق. ئىشلار مەقسىدى بىلەن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئىسلامنىڭ ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ مەنپەئىتىگە ئېلىپ بارىدىغان، مەنئى قىلىنمىغان، قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھىغا زىت كەلمەيدىغان ھەر قانداق ياخشى ئەمەلنى قىلىش جائىزدۇر. گەرچە ئۇ رەسۇلۇللاھ ۋە ساھابىلەر قىلمىغان ئەمەل بولسىمۇ زالالەت بىدئەت بولمايدۇ. بەلكى ئۇ

---

(2)ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

(3) ئەسەر: ساھابەلەردىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەردۇر. بەزىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن نەقىل قىلىنغان سۆزلەرگىمۇ ئەسەر دېيىلىدۇ. ئۇ چاغدا «رەسۇلۇللاھتىن كەلگەن ئەسەر» دەپ قەيت قىلىنىدۇ.

ئىشنى قىلغۇچى ياخشى نىيەتكە يارىشا ساۋابقا ئېرىشىدۇ.

**خاتىمە:**

ئەزىز ئوقۇرمەنلىرىمىز! دىنىي ئۆلىمالىرىمىز! ژۇرنىلىمىزنىڭ 5 ـ سانىدىن باشلاپ تۆت ساندا بىدئەت مەسىلىسى ھەققىدە كەڭ دائىرىلىك چۈشەنچە بەردۇق. بۇ ھەقتە ئەھلى سۈننەت ئالىملىرىنىڭ قاراشلىرىنى دەلىللىرى بىلەن بايان قىلدۇق. مەقسىتىمىز ھەقنى يەتكۈزۈش ۋە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ توغرا يولنى تېپىشىغا ياردەمچى بولۇش. مۇۋەپپەقىيەت ئاللاھتىندۇر.

قېرىنداشلىرىمىزدىن ھەر قانداق بىر مەسىلىگە ھۆكۈم قىلىشتىن ئاۋۋال ئۇ ئىش ھەققىدە ئەتراپلىق ئىزدىنىپ، مەلۇمات ئېگىلەپ، ئەھلى سۈننەت ئۆلىمالىرىنىڭ ھۆكۈم چىقىرىش قائىدە ۋە ئۇسۇللىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ، قۇرئان ـ ھەدىسلەرنى ئاشۇ قائىدە ۋە ئۇسۇل بويىچە چۈشىنىپ، زامانىنىڭ تەقەززاسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ شەرت شارائىتىغا مۇناسىپ ھۆكۈم چىقىرىشنى، بولۇپمۇ مۇسۇلمانلارنى پارچىلايدىغان، بىر ـ بىرىنى «ئۇچى ـ بۇچى» دەپ ئەيىپلەپ، بۆلگۈنچىلىككە سەۋەپ بولىدىغان ھۆكۈملەردىن ھەزەر قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئـــاللاھ تائـــالا بـــىزگە ھەقنـــى ھەق كۆرسىتىپ، ئۇ يولدا مېڭىشـــنى، بـــاتىلنى باتىل كۆرسىتىپ، ئۇنىڭدىن ساقلىنىشـــنى نېسىپ قىلسۇن. ئامىن.

## ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم

مۇخەممەس

-ئەبۇ يۇسۇف

شۇكۇر ساڭا ئى ئاللاھ، خاتىرجەم ۋە ساق تۇردۇم،
سارغايتمىدىڭ چىرايىنى، رەڭگى رويۇم ئاق تۇردۇم،
ھازىرغىچە سەن بەرگەن نېمەتلەرنى ياقتۇردۇم،
شۇنداقتىمۇ غېمىم كۆپ داۋاسىنى ئاقتۇردۇم
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

تىلىكىم شۇ بۇ دۇنيا ئەڭ چوڭ غېمىم بولمىسا،
پارچە ـ پۇرات ئىش ئۈچۈن كۆڭلۈم دەرتكە تولمىسا،
مۇشكىلاتتا ۋۇجۇدۇم «ئاللاھ» دەپلا تولۇلسا،
ئالدانمىسام شاش تۇرۇپ نەپسىم مېنى گوللىسا،
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

بوپ قالمىسا مۇسىبەت ئىمانىمدا، دىنىمدا،
يوقالمىسا مۇھەببەت ساڭا ھەرگىز دىلىمدا
مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالمىسام: سەن ھەرزامان يېنىمدا،
شەيتان ماڭا دۈشمەندۇر ئاقار تۇمۇر قېنىمدا،
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

توغرا يولدا مېڭىشقا نېسىپ قىلساڭ ھەردائىم،
رازىلىقىڭ ۋە جەننەت بولسا مېنىڭ تامايىم،
قىلساڭ مېنى ئەخلاقلىق، تىلى گۈزەل، مۇلايىم،
يىراق تۇرسا گۇناھتىن ھەربىر تىرىك ئەزايىم،
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

(داۋامى 38 ـ بەتتە)

ئۇبۇلقاسىم ئەخمىدى




# غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈك چۈشەنچىسى (4)

ئالدىنقى ساندا دۈشمەنلەرنىڭ ھالاك بولۇپ، مۆئمىنلەرنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشىدىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ يەنە بىر مۇھىم تۈرى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇنىڭغا نۇھ ۋە مۇسا ئەلەيھىسسالاملارنىڭ قىسسىلىرىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرگەنىدۇق. ئاللاھ خالىسا، نۆۋەتتىكى ساندا تالۇتنىڭ قىسسىسى ۋە ئۇنىڭدىن يەكۈنلەنگەن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلار ئۈستىدە توختىلىمىز.

**ئۈچىنچى مىسال: تالۇتنىڭ قىسسىسى**

ئىسرائىل ئەۋلادى بەيتۇلمۇقەددەسكە ئورۇنلىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن، ئاللاھ تائالانىڭ ئۇلارغا ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ئۇنتۇپ، توغرا يولدىن چەتنەشكە، گۇناھ - مەئسىيەت پاتقاقلىرىغا پېتىشقا باشلايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالا ئۇلارنىڭ ئۈستىگە يەنە زالىملارنى مۇسەللەت قىلىدۇ. ئۇلار مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۈكلاردىن، خاتىرجەملىكتىن ۋە باياشاتلىقتىن مەھرۇم بولۇپ، ئۇزۇن مەزگىللىك خار - زەبۇنلۇق، قۇللۇق ۋە تۈرلۈك ئاھانەتلەر ئىچىدە ياشاشقا مەھكۇم بولىدۇ.

بۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە چىدىمىغان ئىسرائىل ئەۋلادىنىڭ سەرخىللىرى ئۆزلىرىنىڭ بۇ خار ھالىتىنى ئىززەتكە، مەغلۇبىيىتىنى غەلىبىگە ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلىدۇ، ئۇلار بۇنىڭ بىردىن - بىر چىقىش يولىنىڭ جىھاد ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، پەيغەمبىرىدىن ئۇلارنىڭ ئىشلىرىغا ئىگە بولىدىغان ۋە دۈشمەنلىرىگە قارشى ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلىپ، ئۇلارنى خار - زەبۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇپ، ئىززەت ۋە شەرەپكە ئېرىشتۈرىدىغان بىر پادىشاھ تەيىنلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ياخشى بىلگەن پەيغەمبىرى ئۇلارغا: ئاللاھ تائالا سىلەرنى دۈشمىنىڭلارغا قارشى جىھاد قىلىشقا

بۇيرۇغاندا ئۇنىڭ بۇيرۇقىدىن باش تارتىشلاردىن ئەنسىرەيمەن دېگەندە، ئۇلار دۈشمەنلىرىگە قارشى جىھاد قىلىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەرنى بايان قىلىشىپ، قەيسەرلىك بىلەن جىھاد قىلىدىغانلىقنى تەكىتلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن پەيغەمبىرى رەببىدىن ئۇلارنىڭ تىلىگەنلىرىنى بېرىشنى سورايدۇ، ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ، تالۇتنى ئۇلارنىڭ پادىشاھى قىلىپ تاللىغانلىقنى يەتكۈزىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىسرائىل ئەۋلادى ئەرزىمەس باھانىلەرنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ، پەيغەمبىرى ئاللاھ تائالانىڭ تالۇتنىڭ ئىلمىنى زىيادە، جىسمىنى قابىل قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ پادىشاھلىققا ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن تاللانغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا دەلىل سۈپىتىدە پەرىشتىلەرنىڭ مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن تەۋەررۇكلار قاچىلانغان بىر ساندۇقنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقنى چۈشەندۈرۈپ، ئاخىرى ئۇلارنى قايىل قىلىدۇ، ئۇرۇش ۋاقتى كەلگەندە، ئۇلاردىن ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇرۇشقا كىرىشتىن باش تارتىدۇ، تالۇت ئاللاھنىڭ ۋەدىسىگە چىن دىلىدىن ئىشەنچ قىلغان بۇ ئازغىنا كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشقا ئاتلىنىدۇ، ئاللاھ تائالا بۇ ئىتائەتچان ئازغىنا كىشىلەرگە دۈشمەنلىرىگە قارشى غەلىبە ئاتا قىلىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بۇ قىسسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ساڭا مۇسا (ۋاپاتى) دىن كېيىن ئىسرائىل ئەۋلادىدىن بولغان بىر جامائەتنىڭ خەۋىرى يەتمىدىمۇ؟ ئۇلار ئۆز ۋاقتىدا ئۆزلىرىنىڭ پەيغەمبىرىگە: «بىزگە پادىشاھ تىكلەپ بەرگىن، (ئۇنىڭ بىلەن دۈشمەنلەرگە قارشى) ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلايلى» دېيىشتى. پەيغەمبەر: «سىلەرگە جىھاد پەرز قىلىنسا جىھاد قىلماي قالارسىلەرمۇ؟» دېدى. ئۇلار: «يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى؟» دېدى. ئۇلارغا جىھاد پەرز قىلىنغان چاغدا، ئازغىنىسىدىن باشقا ھەممىسى جىھادتىن باش تارتتى. ئاللاھ زالىملارنى ئوبدان بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرى ئۇلارغا: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە تالۇتنى پادىشاھ قىلىپ ئەۋەتتى» دېدى. ئۇلار (پەيغەمبىرىگە ئېتىراز بىلدۈرۈپ): «ئۇ قانداقمۇ بىزگە پادىشاھ بولىدۇ. (ئارىمىزدا پادىشاھ ئەۋلادى بولغانلىقتىن) پادىشاھلىققا بىز ئۇنىڭدىن ھەقلىقمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ مال ــ مۈلكى كۆپ بولمىغان تۇرسا» دېدى. پەيغەمبەر: «ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرگە (پادىشاھ قىلىشقا) ئۇنى ئىختىيار قىلدى، ئۇنىڭ ئىلمىنى زىيادە، جىسمىنى قابىل قىلدى، ئاللاھ سەلتەنەتنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ. ئاللاھنىڭ پەزلى كەڭدۇر، (ئۇنىڭغا كىمنىڭ لايىق بولىدىغانلىقنى) ئوبدان بىلىدۇ» دېدى. ئۇلارغا پەيغەمبىرى ئېيتتىكى: «ئۇنىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ئالامىتى شۇكى، سىلەرگە بىر ساندۇق كېلىدۇ، ئۇنىڭدا رەببىڭلار تەرىپىدىن سىلەرنى تەسكىن

تاپقۇزىدىغان نەرسە، مۇسا ۋە ھارۇن ئەلەيھىسسالاملارنىڭ تەۋەلىرى قالدۇرۇپ كەتكەن نەرسىلەر (يەنى مۇسانىڭ ھاسىسى، كىيىمى ۋە تەۋرات يېزىلغان بەزى تاختىلار) قاچىلانغان بولىدۇ، ئۇنى پەرىشتىلەر كۆتۈرۈپ كېلىدۇ. ئەگەر (ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىغان) بولساڭلار، بۇنىڭدا (يەنى ساندۇقنىڭ نازىل بولۇشىدا ئاللاھنىڭ تالۇتنى سىلەرگە پادىشاھلىققا تاللىغانلىقىغا) ئەلۋەتتە سىلەر ئۈچۈن (روشەن) ئالامەت بار». تالۇت ئەسكەرلىرى بىلەن (بەيتۇلمۇقەددەستىن) ئايرىلغان چاغدا: «ئاللاھ سىلەرنى بىر دەريا بىلەن سىنايدۇ، كىمكى ئۇنىڭدىن ئىچىدىكەن، ئۇ ماڭا تەۋە ئەمەس، كىمكى دەريا سۈيىنى تېتىمايدىكەن، ئۇ ھەقىقەتەن ماڭا تەۋەدۇر، ئۇنىڭدىن (ئۇسسۇزلۇقنى بىرئاز بېسىش ئۈچۈن) ئىچكەن ئادەم (بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلغان بولمايدۇ)» دېدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئازغىنا كىشىدىن باشقا ھەممىسى ئۇنىڭدىن ئىچتى. تالۇت ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر دەريادىن ئۆتكەن چاغدا (دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ، ئۇلارنىڭ بىر پىرقىسى: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېدى. (تالۇتنىڭ تەۋەلىرىدىن) ئاللاھقا مۇلاقات بولۇشقا ئېتىقاد قىلىدىغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى. ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر. ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى سەۋرچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) سۇباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن» دېدى. مۇئمىنلەر ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن كاپىرلارنى مەغلۇپ قىلدى، داۋۇد جالۇتنى ئۆلتۈردى. ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەتنى، ھېكمەتنى (يەنى پەيغەمبەرلىكنى) بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى. ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى پەيدا قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىققا ئايلىناتتى، لېكىن ئاللاھ پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»[1]

بۇ قىسسە بىزگە، جەڭ مەيدانلىرىدا ئاللاھ تائالانىڭ دۈشمەنلەرگە قارشى مۇئمىنلەرگە ياردەم بېرىدىغانلىقىدىن ئىبارەت غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈكنىڭ مۇھىم بىر تۈرىنى روشەنلەشتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇلىمالار بۇ قىسسىدىن شەخسلەرنى ۋە جامائەت ئەربابلىرىنى يېتىلدۈرۈشتە ۋە زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنى قۇتقۇزۇپ، ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشتە نۇرغۇن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى.

بۇ قىسسىدە تەپسىلى بايان قىلىش بىھاجەت بولغان زامان ئېنىق بولماسلىق، ئىسرائىل ئەۋلادى ئۆزلىرىگە پادىشاھ

(1) سۈرە بەقەرە 246 ـ 251.

تىكلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلغان پەيغەمبەرنىڭ ئىسمى ئېنىق بولماسلىق، تالۇتنىڭ پادىشاھ بولغان مۇددىتى ئېنىق بولماسلىقلارغا ئوخشىغان بەزى ئېنىقسىزلىقلارمۇ بار بولۇپ، ئەپسۇسكى بەزىلەر بۇ ئېنىقسىزلىقلارنى شەرھلەشكە ئۇرۇنۇپ، ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى بولمىغان ئۇچۇرلارغا، يەھۇدىلارنىڭ خۇراپات ۋە ئەپسانىلىرىگە بېرىلىپ ۋاقتنى زايە قىلىپ، بۇ قىسسىدىكى قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلاردىن غاپىل بولماقتا. بۇ ئېنىقسىزلىقلارنى بايان قىلىشنىڭ مۇئمىنلەرگە مۇھىم پايدىسى بولىدىغان بولسا، قۇرئان كەرىمنى نازىل قىلغان ئاللاھ ئۇلارنى تەپسىلى بايان قىلىپ بەرگەن بولاتتى، ئەلۋەتتە.

بۇ قىسسىدە، قايمۇققان مىللەتنى ھەق ۋە توغرا يولغا باشلىماقچى بولغان دەۋەتچىلەر ئۇچۇن، ئېچىنىشلىق قىسمەتلەرگە دۇچ كەلگەن مىللەتنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلغان ئىسلاھاتچىلار ئۇچۇن، خار - زەبۇنلۇقنى ئىززەتكە، مەغلۇبىيەتنى غەلىبىگە ئايلاندۇرۇش يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان مۇجاھىدلار ئۇچۇن، كۆپچىلىك ئاممىسىدىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنى ئاساسلىنىپ پىلان ۋە يول خەرىتىسىنى تۈزۈپ، ئاندىن ئەڭ ئېھتىياجلىق ۋاقىتتا، كۆپچىلىك ئاممىنىڭ خىيانىتىگە ئۇچرىغان رەھبەر ۋە قوماندانلار ئۇچۇن قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلار بار. دېمەك، بۇ قىسسە ئىمان ۋە ئەقىدە، دەۋەت ۋە جىھاد، ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش، تەلىم - تەربىيە قاتارلىق ساھەلەردە قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلار بىلەن تولۇپ تاشقان قىسسىدۇر.

بۇ قىسسىدە، مىللەتلەر ۋە جەمئىيەتلەر ھاياتىدىكى مۇھىم قانۇنىيەتلەرگە ئوچۇق ئىشارەتلەر بار بولۇپ، شەيخ مۇھەممەد رەشىد رىزا رەھىمەھۇللاھ بۇ قىسسىدىن تۆۋەندىكىدەك مۇھىم بىر قانچە ئىجتىمائىي قانۇنىيەتلەرنى يەكۈنلىدى:

بىرىنچى قانۇنىيەت: بىر مىللەتنىڭ مۇستەقىللىقىغا تاجاۋۇز قىلىنىپ، ھەق - ھوقۇقلىرى دەپسەندە قىلىنغاندا، مىللەتنىڭ غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك بىر رەھبەر ئەتراپىغا ئويۇشۇپ، تارتىۋېلىنغان ھوقۇقلىرىنى تەلەپ قىلىشقا يۈزلىنىدىغانلىقى.

ئىككىنچى قانۇنىيەت: ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشنىڭ ئاۋۋال مىللەتنىڭ سەرخىللىرىدە بولىدىغانلىقى.

ئۈچىنچى قانۇنىيەت: مىللەت سەرخىللىرىدە مەۋجۇت بولغان ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە مۇستەقىللىقىنى قوغداش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىشنىڭ ئۇزۇنغا بارماي كۆپچىلىك ئاممىسى ئىچىدىمۇ ئومۇملىشىپ، ھېس ۋە پىكىر قىلىش باسقۇچىنىڭ ئەمەل قىلىش باسقۇچىغا تەرەققى قىلىدىغانلىقى، لېكىن قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغانلاردىن باشقا، كۆپلىگەن شوئار توۋلىغۇچىلارنىڭ ۋە چوڭ گەپ قىلغۇچىلارنىڭ ئىشقا يارىمايدىغانلىقى.

تۆتىنچى قانۇنىيەت: رەئىس تاللاشتا ئىختىلاپ چىقىدىغانلىقى، ئىختىلاپنىڭ بۆلۈنۈشكە سەۋەب بولىدىغانلىقى، شۇنىڭ ئۈچۈن مىللەت سەرخىللىرى ئىچىدە كېڭەش ھەيئىتىگە ئوخشىغان ھەممە تەرەپلەرنى قايىل قىلىپ، ئىختىلاپنى ھەل قىلالايدىغان بىر ھەيئەت بولۇشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

بەشىنچى قانۇنىيەت: كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، خەلقنىڭ ئۆزىگە پايدىلىق بولغان ئىشلاردىمۇ بىرلىككە كېلەلمەيدىغانلىقى، ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ پىكرىنى توغرا دەپ قاراپ مۇتەئەسسىپلىك قىلىدىغانلىقى.

ئالتىنچى قانۇنىيەت: جاھالەت ئىچىدە قالغان مىللەتنىڭ رەھبەرلىككە بىلىملىك ۋە قابىلىيەتلىك كىشى ئەمەس، بەلكى كۆپ ئىقتىسادقا ئىگە ئابرۇيلۇق كىشى مۇناسىپ بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقى.

يەتتىنچى قانۇنىيەت: رەھبەر ۋە قوماندان تاللاشتا ئىلمى زىيادە، جىسمى قابىل بولۇش ۋە تەبىئىي تالانت ئىگىسى بولۇش قاتارلىقلارنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنىش زۆرۈر بولغان ئالدىنقى مۇھىم شەرتلەر بولۇشى لازىملىقى.

سەككىزىنچى قانۇنىيەت: ئاللاھ تائالانىڭ خەلقنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ، رەھبەرلىكنى ئۆزى خالىغان كىشىگە بېرىدىغانلىقى.

توققۇزىنچى قانۇنىيەت: ئەسكەرلەرنىڭ بارلىق ئىشلاردا قوماندانغا مۇتلەق بويسۇنۇشىنىڭ غەلىبىگە ئېرىشىشنىڭ مۇھىم شەرتى ئىكەنلىكى.

ئونىنچى قانۇنىيەت: سەۋرلىك، سوباتلىق بولۇش ۋە قوماندانغا بويسۇنۇش قاتارلىقلار بىلەن ئاز سانلىقلارنىڭ كۆپ سانلىقلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقى.

ئون بىرىنچى قانۇنىيەت: ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش ۋە ئۇ زاتقا مۇلاقات بولۇشقا چىن دىلدىن ئىشىنىشنىڭ ئۇرۇش مەيدانلىرىدا سەۋرلىك ۋە سوباتلىق بولۇشنىڭ ئاساسلىق سەۋەبلىرىدىن ئىكەنلىكى.

ئون ئىككىنچى قانۇنىيەت: ئۇرۇش مەيدانلىرىدا دۈشمەنلەرگە قارشى ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن، دۇئا بىلەن ئاللاھ تائالاغا يۈزلىنىشنىڭ مۇھىملىقى.

ئون ئۈچىنچى قانۇنىيەت: ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرىدىغانلىقى. ئالىملار بۇنى «ھاياتلىق يولىدا كۈرەش قىلىش قانۇنىيىتى» ياكى «ھاياتلىق رىقابەت قانۇنىيىتى» دەپ ئىپادىلىگەن. ئۇلار: «ئۇرۇش ئىنسانىيەتتە تۇغما خاراكتېر بولۇپ، ئۇ ھاياتلىق رىقابەت قانۇنىيىتى شاخچىلىرىدىندۇر» دېگەن. سىز ئاللاھ تائالانىڭ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىققا ئايلىناتتى» دېگەن سۆزىدە ئۇنىڭ پەقەت ئۇرۇش بىلەنلا بولىدىغانلىقىغا دەلىل يوقلۇقىنى، بەلكى ئىنسانلار ئارىسىدىكى بارلىق رىقابەت

تۈرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى كۆرىسىز.[1]

كائىناتتا ئىلاھىي قانۇنىيەتلەر مەۋجۇت بولۇپ، بۇ قانۇنىيەتلەر ھەر زامان ۋە ھەر ماكان ئىنسانلار ئۈستىدە جارى بولۇپ تۇرىدۇ. مۇداپىئە قىلىش قانۇنىيىتى غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈككە قويۇق ئالاقىسى بولغان قانۇنىيەتلەردىندۇر. كېيىنكىلەرنىڭ: ئىلگىرىكىلەر خارق ئادەتلەر يەنى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشلار بىلەن غەلىبىگە ئېرىشىپتىكەن، پەيغەمبەر كېلىش توختىغاندىن كېيىن، ئاسماندىن خارق ئادەتلەر چۈشمەيدۇ، دەپ ئۆزلىرىنى تاشلىۋېتىپ، غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىشكە تىرىشماي قالماسلىقى ئۈچۈن، ئالەملەرنىڭ رەببى ئاللاھ كائىنات ئىشلىرىنى خارق ئادەت قانۇنىيەتلىرى بىلەن ئەمەس، بەلكى كائىناتتا جارى بولۇۋاتقان قانۇنىيەتلەر بىلەن داۋاملىشىشىنى خالىدى.[2]

مۆئمىنلەر ئىنتىلىۋاتقان غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشىش ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپلەردە نامايان قىلىنغان ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرىنى ئەتراپلىق چۈشىنىشى لازىم. چۈنكى غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈك ئۆزلۈكىدىن كەلمەيدۇ، بەلكى ئۇنىڭ مۆئمىنلەر تونۇپ، ئەقىل ـ پاراستى بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە بايان قىلغان قانۇنىيەتلىرى بار.[3]

مۆئمىنلەر ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماي، ئۇنۇملۇك پايدىلىنىش ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشى بىلىشى ۋە تەتقىق قىلىشى ئىنتايىن زۆرۈر.

ھەسەن ئەلبەننا رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: «كائىنات قانۇنىيەتلىرى بىلەن توقۇنۇشۇپ قالماڭلار. چۈنكى ئۇ، يېڭىلمەس قانۇنىيەتلەردۇر. لېكىن ئۇنى ياخشى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن ئاقىلانىلىك بىلەن پايدىلىنىڭلار، بەزىلىرىنى بەزىلىرىگە قارشى ياردەمگە سېلىڭلار.»[4]

ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىش قانۇنىيىتى غەلبە ۋە ئۈستۈنلۈككە مۇستەھكەم باغلانغان قانۇنىيەتتۇر. ئاللاھ تائالا يامانلىقنىڭ ئىنساپسىز كېلىدىغانلىقىنى ياخشى بىلىدۇ. ياخشىلىق ھەرقانچە تىنچ ماڭسىمۇ يامانلىق ئۇنى ئۆز يولىدا ماڭغىلى، مەنزىلگە يەتكىلى قويمايدۇ. چۈنكى ياخشىلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى يامانلىق ئۈچۈن، ھەقنىڭ مەۋجۇت بولۇشى باتىل ئۈچۈن خەتەردۇر. شۇڭا داۋاملىق يامانلىق زالىم، ئۆكتەم ۋە تاجاۋۇزچى بولىدۇ. باتىل داۋاملىق كۈچ ئىشلىتىپ، ھەقنى بوغۇشقا ۋە ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەق بىلەن باتىل ئوتتۇرىسىدا داۋاملىق زىددىيەت ۋە ئۇرۇش تۈگىمەيدۇ. مانا بۇ ئاللاھ

---

(1) تەپسىر مانار (2/495 ـ 498)

(2) واقعنا المعاصر، ص 414.

(3) جيل النصر المنشود، د. يوسف القرضاوي، ص15.

(4) الرسائل لحسن البناء، ص161.

تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش بولمايدۇ.[1]

بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىپ تۇرمىسا (يەنى كۈچلۈك تاجاۋۇزچىغا ئۇنىڭدىنمۇ كۈچلۈك بولغان بىرسىنى پەيدا قىلمىسا) ئىدى، يەر يۈزى ئەلۋەتتە خارابلىققا ئايلىناتتى، لېكىن ئاللاھ (يامانلىقنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلماسلىق بىلەن) پۈتۈن جاھان ئەھلىگە مەرھەمەت قىلغۇچىدۇر.»[2] «ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنى بىر ـ بىرىگە قارشىلىق كۆرسەتكۈزمىگەن بولسا، راھىبلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى، چېركاۋلار، يەھۇدىيلارنىڭ ئىبادەتخانىلىرى ۋە ئاللاھنىڭ نامى كۆپ يادلىنىدىغان مەسچىتلەر ئەلۋەتتە ۋەيران قىلىناتتى، كىمكى ئاللاھنىڭ دىنىغا ياردەم بېرىدىكەن، ئەلۋەتتە ئاللاھ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىدۇ، ئاللاھ ئەلۋەتتە كۈچلۈكتۇر، غالىبتۇر.»[3]

باتىلنى يوقىتىش ئۈچۈن ھەقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى لازىملىقى، ئاللاھ تائالانىڭ بۇ ھەق ئارقىلىق باتىلغا ھۇجۇم قىلدۇرىدىغانلىقى، شۇنىڭ بىلەن باتىلنىڭ يوقىلىدىغانلىقى قاتارلىقلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى قانۇنىيىتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىش ئۈچۈن، مۇئمىنلەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن مۇداپىئە قىلىش قانۇنىيىتىنى ياخشى چۈشىنىشى ئىنتايىن زۆرۈر.[4]

ھەق جانلىنىش ئۈچۈن كۈچلۈك ئىرادىگە، كۈچ ـ قۇدرەتلىك ۋە ھەرىكەتچان ئېنېرگىيىگە مۇھتاج بولىدۇ. چۈنكى بۇ ئاللاھ تائالانىڭ كائىناتتىكى ئۆزگەرمەس قانۇنىيىتىدۇر. «ئاللاھنىڭ قانۇنىيىتىدە (يەنى مەخلۇقاتلار ئۈستىدە قوللانغان يولىدا) ھەرگىزمۇ ئۆزگىرىش ۋە يۆتكىلىشنى كۆرمەيسەن.»[5]

شۇنىڭ ئۈچۈن قۇرئان كەرىم مۇئمىنلەرگە ئۇلارنىڭ دىن ۋە دۇنيالىق مۇھىم ئىشلىرىنى ئۆگىتىشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى؛ مىللەتلەر، جەمئىيەتلەر ۋە ئۇيۇقلاردىكى ئاللاھ تائالانىڭ قانۇنىيەتلىرىنى، بۇ قانۇنىيەتلەرنىڭ قانداق يۈز بېرىدىغانلىقىنى، قانداق تەدبىر قوللىنىش لازىملىقىنى ناھايىتى ئوچۇق بايان قىلىپ بەردى. مەسىلەن: ئاللاھ تائالا ئىسرائىل ئەۋلادىغا دۈشمەنلىرىگە قارشى ياردەم بېرىشنى، ئۇلارنى يەر يۈزىدە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرۈشنى ئىرادە قىلغان ۋاقىتتا، شۇ ياردەم ۋە شۇ ئۈستۈنلۈكتىن ئاۋۋال ئاللاھ تائالا تالۇت قىسسىسىدە تىلغا ئالغان بىرقانچە ئىشلار بولۇپ ئۆتتى. سەيىد قۇتۇپ رەھىمەھۇللاھ بۇ ھەقىقەتلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «بۇ قىسسىدىن ئىمان ۋە ئەقىدە مۇستەھكەملىكىنىڭ ھەممىنى بېسىپ

(1) في ظلال القران (742/2)

(2) سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەت.

(3) سۈرە ھەج 40 ـ ئايەت.

(4) في ظلال القران (1091/2)

(5) سۈرە فاتىر 43 ـ ئايەت.

چۈشىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇھىم بىر ھەقىقەت نامايان بولىدۇ، بوزەك قىلىنغان دۈشمەنلىرىگە قارشى ئۇرۇش قىلىش شوئارىنى توۋلىغان ئىسرائىل ئەۋلادى ئۇرۇش پەرز قىلىنىپ سىنالغان چاغدا، قوماندانىغا ئىتائەت قىلىشتىن باش تارتىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىمان ۋە ئەقىدىسى مۇستەھكەم بولغان ئازغىنا كىشىلەر ئىسرائىل ئەۋلادى ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئۇلارنى غەلىبە، ئۈستۈنلۈك ۋە ئىززەتكە ئېرىشتۈردى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئازغىنا كىشىلەردىكى پاك، ساغلام، مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئەقىدىنىڭ بەرىكىتىدۇر. بۇ قىسسىدىن يەنە مۇئمىنلەر ئۈچۈن تۆۋەندىكىدەك قىممەتلىك بىر قانچە ۋەز - نەسىھەت ۋە تەجرىبە - ساۋاقلار نامايان بولىدۇ:

1 - كۆپچىلىكتىكى ئىنقىلابىي قىزغىنلىقنىڭ كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، رەھبەر ۋە قوماندانلارنى ئالداپ قويىدىغانلىقى، شۇڭا ئىش - ھەرىكەتكە ئۆتۈشتىن ئاۋۋال قوماندانلارنىڭ ئۇلارنى تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتكۈزۈشىنىڭ زۆرۈرلۈكى.

2 - كۆپچىلىكنىڭ ئىنقىلابىي قىزغىنلىقىنى تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر قېتىم بىلەن توختاپ قالماي بەلكى بىر قانچە قېتىم تەكرارلىنىشىنىڭ مۇھىملىقى.

3 - تەجرىبە - سىناقتىن ئۆتكۈزۈش جەريانىدا، قوماندانىڭمۇ تالانت ۋە قابىلىيىتىنىڭ نامايان بولىدىغانلىقى.

مەسىلەن: تالۇتنىڭ خەلقىنىڭ مىجەز - خاراكتېرىنى ياخشى چۈشەنگەنلىكى، كۆپچىلىكتىكى تاشقى قىزغىنلىققا ئالدانمىغانلىقى، ئۇرۇشقا ئۆتۈشتىن ئاۋۋال ئەسكەرلىرىنىڭ ھىممەت ۋە ئىرادىلىرىنى سىناقتىن ئۆتكۈزگەنلىكى، بىر قېتىم سىناقتىن ئۆتكۈزۈش بىلەن كۇپايىلەنمىگەنلىكى، تەكرار سىناقتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ھىممەت ۋە ئىرادىسى ئاجىزلارنى ئايرىپ چىققانلىقى، ھەممىدىن مۇھىمى ئەگەشكۈچىلىرى ئاز قالسىمۇ، ئۈمىدسىزلەنمەي ۋە ئۇرۇشتىن ۋاز كەچمەي بىر قانچە قېتىملىق سىناقتىن ئۆتۈپ تاللانغانلار بىلەن ئۇرۇشقا كىرىپ، غەلىبە قىلغانلىقى قاتارلىق تالانت ۋە قابىلىيەتلىرى نامايان بولدى.

4 - قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغانلار بىلەن قەلبى قېتىپ كەتكەن غاپىللارنىڭ تەسەۋۋۇر ۋە كۆزقاراشلىرىنىڭ تامامەن ئوخشىمايدىغانلىقى. قەلبى قېتىپ كەتكەن غاپىللار دۈشمەننىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ قورقۇنچقا چۈشۈپ: «بۈگۈن بىز جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇرۇشۇشقا تاقەت كەلتۈرەلمەيمىز» دېيىشتى. ئەمما، قەلبى ئاللاھ تائالاغا باغلانغانلار: «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ» دېدى، جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: «پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى سەۋرچانلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) سۇباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم

بەرگىن» دەپ دۇئا قىلىش ئارقىلىق ئاللاھ تائالاغا يۈزلەندى، كۈچ ـ قۇۋۋەت تارازىسىنىڭ كاپىرلارنىڭ قولىدا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇ زاتتىن ياردەم تىلەپ غەلىبىگە ئېرىشتى.

بۇ قىسسە ئۆز ئىچىگە ئالغان دەرس ۋە ساۋاقلارنى تولۇق يەكۈنلىيەلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، بۇ قىسسىدىن ھەر بىر قەلب ئۆزىنىڭ تىرىشقىنىغا ۋە ئېھتىياجىغا كۆرە نېسىۋە ئالالايدۇ. بۇ قىسسىدە يەنە نۇرغۇن زاپاس خەزىنىلەر بار بولۇپ، تىرىشچان قەلبلەرگە تەقسىم قىلىنغان مىقداردا، تەدرىجىي ئېچىلغۇسى.[1]

بىز قۇرئان كەرىمنى چۈشىنىپ ۋە تەپەككۇر قىلىپ ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئۇنىڭدىكى ھەربىر قىسسىدىن ساناپ تۈگەتكۈسىز قىممەتلىك دەرس ۋە مۇھىم ساۋاقلارنى يەكۈنلىيەلەيمىز.

ئۇرۇشتا غەلىبىگە ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر ئوقۇغان مەزكۇر دۇئا شۇلارغىلا خاس بولغان دۇئا بولماستىن، بەلكى دۈشمەنلىرى ئالدىدا سەۋرلىك ۋە سۇباتلىق بىلەن تۇرالىغان ھەر قانداق مۇجاھىدلار ئوقۇشقا تېگىشلىك دۇئادۇر.

بۇ قىسسىدىن يەنە شۇنى مۇلاھىزە قىلىمىزكى، داۋۇد ئەلەيھىسسالام مۇجاھىد قوشۇنىنىڭ ئىچىدىن چىقتى، ئۇنىڭ ئىشى ئۇرۇش مەيدانىدىن باشلىنىپ، قوماندانلىق، پادىشاھلىق، دانىشمەنلىك ۋە پەيغەمبەرلىككە تەرەققى قىلدى. بۇنىڭدا، رەھبەر ۋە قوماندانىنى ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت تاللاپ چىقىدىغانلىقىغا، تالانت ۋە قابىلىيەت ئىگىلىرىنىڭ جەڭ مەيدانلىرىدا بايقىلىدىغانلىقىغا ئوچۇق ئىشارەت بار. تالۇت ۋە داۋۇدلار خەلق ئىچىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى، ئەمەلىي ئىش ـ ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي مەيدان بۇ ئىككىسىنى خەلققە تەقدىم قىلدى. مىللەتنى غەلىبە ۋە ئۈستۈنلۈككە ئېرىشتۈرەلەيدىغان رەھبەر ۋە قوماندانلار مانا مۇشۇنداق مەيدانلاردا نامايان بولىدۇ.[2]

ئاللاھ تائالانىڭ كۈچلۈك پادىشاھ ۋە قورقۇنچلۇق قوماندان جالۇتنىڭ ئۆلۈمىنى ئىسرائىل ئەۋلادى ئىچىدىكى كىچىك يىگىت داۋۇدنىڭ قولىدا قىلىشىدىكى مۇھىم ھېكمەتلىرىدىن بىرى، ئۇ زات ھەرقانداق زالىم ۋە مۇستەبىتلەرنىڭ ھالاكىتىنى خالىسا، ئۇلارنى كىچىك يىگىتلەرمۇ يېڭەلەيدىغان ئاجىزلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى، ئىشلارنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشلەر بىلەن ئەمەس بەلكى ھەقىقەتلىرى بىلەن جارى بولىدىغانلىقىنى، ئىشلارنىڭ ھەقىقەتلىرىنى پەقەت ئۆزىنىڭلا بىلىدىغانلىقىنى، مۇئمىنلەرنىڭ پەقەت ئۆز مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىشى، ۋەدە ۋە ئەھدىلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىملىقىنى ئۇلارغا كۆرسىتىپ قويۇشتۇر.

داۋامى كېيىنكى ساندا...

---

(1) في ظلال القرآن (1/260- 263).

(2) انظر: مع قصص السابقين في القرآن (1/332).



# سائادەت دەۋرىدىكى ھەقىقىي مۇھەببەت

سىراجىددىن ئەزىزى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا تېخى پەيغەمبەرلىك كەلمىگەن چاغ ئىدى. جىيەنى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ چوڭ قىزى زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا) بىلەن توي قىلىش تەكلىپىنى سۇندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «قىزىمدىن سورىماي جاۋاپ بېرەلمەيمەن» دېدى ۋە قىزىنىڭ قېشىغا كىرىپ «قىزىم ھاممىڭىزنىڭ ئوغلى توي قىلىش تەكلىپى سۇندى، سىز قانداق قارايسىز؟» دەپ سورىدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا) خىجالەتتىن يۈزى قىزارغان ھالدا تەبەسسۇم قىلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىزىنىڭ يۈزىدىن چىقىپ قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن توي بولۇپ ھەقىقى مۇھەببەتنىڭ قىسسىسى باشلاندى.

زەينەپ بىلەن ئەبۇلئاسنىڭ ئەلى ۋە ئۇمامە ئىسىملىك ئىككى پەرزەنتى بولدى.

دەل شۇ چاغلاردا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلىك كەلدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىناق ئائىلىدە ئىسلام ۋە كۇپىر يۈزىسىدىن كۆڭۈلسىزلىكلەر باشلاندى.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋەھيى كەلگەن ۋاقىتتا ئەبۇلئاس سەپەردە بولغاچقا قېيىن ئاتىسىنىڭ پەيغەمبەر بولغانلىقىدىن خەۋەرى يوق ئىدى. سەپەردىن قايتىپ كەلگەندە ئايالى زەينەپ: «سىزگە ئاجايىپ كاتتا خەۋىرىم بار، دادام پەيغەمبەر بولدى، مەنمۇ مۇسۇلمان بولدۇم» دېدى.

ئەبۇلئاس: «نېمە ئۈچۈن بۇرۇنراق دېمىدىڭ؟» دەپ غەزەپلەنگەنچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئەقىدە كىرزىسى سەۋەبىدىن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېغىر يىرىكچىلىك پەيدا بولدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا) يولدىشىغا: «مەن دادامنى يالغانغا چىقىرالمايمەن، ئۇ ھاياتىدا بىرەر قېتىممۇ يالغان ئېيتىپ باققان ئەمەس. ئۇ ھەققەتەن سادىقلۇئەمىن (راستچىل ـ ئىشەنچلىك). ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس، ئانام ۋە بىر تۇغقانلىرىممۇ مۇسۇلمان بولدى. ھامىمىڭىزنىڭ ئوغلى ئوسمان ئىبنى ئاففانمۇ ئىمان ئېيتتى، يېقىن دوستىڭىز ئەبۇبەكرى سىددىقمۇ مۇسۇلمان بولدى» دېدى.

لېكىن ئەبۇلئاس: «مەن كىشىلەرنىڭ ئۇستۇمدىن گەپ تېپىپ ”قەۋمىگە ئاسىيلىق قىلدى، ئايالنى خۇشال قىلىمەن دەپ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ دىنىدىن ۋاز كەچتى“ دېيىشىنى خالىمايمەن. دادىڭىزغىمۇ تۆھمەت قىلمايمەن، ئۆزرەمنى قوبۇل قىلىڭ، مىنى توغرا چۈشىنىشىڭنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا): «سىزنى مەن چۈشەنمىسەم، مەن قەدىرلىمىسەم كىممۇ چۈشەنسۇن؟! كىممۇ قەدىرلىسۇن؟! مەن سىزنىڭ ئايالىڭىز، سىز تاكى ھەقىقەتكە قايتقۇچە مەن سىزگە ياردەمچى بولىمەن، قېشىڭىزدا تۇرىمەن» دېدى.

شۇنداق قىلىپ رەسۇلۇللاھنىڭ كۆز قارچۇغۇسى زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا) 20 يىل يولدىشىغا ۋاپادارلىق قىلدى. بۇ جەرياندا ئەبۇلئاس بولسا، كۇپۇردا چىڭ تۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى.

ھىجرەت دەۋرى باشلانغاندىن كېيىن زەينەپ(رەزىيەللاھۇئەنھا) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! مىنىڭ يولدىشىم بىلەن قېلىشىمغا رۇخسەت قىلامسىز؟» دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەيلى يولدىشىڭىز ۋە بالىلىرىڭىز بىلەن مەككىدە قېلىڭ» دېدى. زەينەپ (رەزىيەللاھۇئەنھا) بەدرى غازىتى باشلانغۇچە مەككىدە قالدى.

ئەبۇلئاس قۇرەيشلەر سېپىدە ئۇرۇشقا چىقىش قارارىغا كەلدى. زەينەپ(رەزىيەللاھۇئەنھا) يولدىشى دادىسىغا قارشى ئۇرۇشقا قاتنىشىدىغان ئەشۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋالغا دۇچ كېلىشتىن تولىمۇ ئەندىشە قىلاتتى.بىراق قورققان ئىش ئاخىرى بېشىغا كەلدى. زەينەپ(رەزىيەللاھۇئەنھا) يىغلاپ تۇرۇپ «ئى ئاللاھىم! مەن باللىرىم يىتىم بولۇپ قالىدىغان ياكى دادامدىن ئايرىلىپ قالىدىغان كۈنگە دۇچ كېلىشتىن قورقىمەن» دەپ نالە قىلدى.

ئەبۇلئاس بەدرى ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ مۇشرىكلار سېپىدە ئورۇن ئالدى. ئۇرۇش مۇشرىكلارنىڭ مەغلۇبىيتى بىلەن ئاخىرلىشىپ، ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىگە دائىر خەۋەر مەككىگە يىتىپ كەلدى.

زەينەپ: بىرىنچى بولۇپ «دادامنىڭ ئەھۋالى قانداق؟» دەپ سورىدى.

مۇسۇلمانلارنىڭ غەلىبە قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، خۇشاللىقىدىن دەرھال ئاللاھقا شۈكۈر قىلىپ سەجدە قىلدى.

ئۇ ئاندىن يولدىشىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ، ئەسىرگە چۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تاپتى.

زەينەپ(رەزىيەللاھۇ ئەنھا): «ئۇنداقتا يولدىشىمنىڭ فىدىيەسى(تۆلەم) ئۈچۈن بىر نەرسە ئەۋەتىشىم كېرەك» دېگەنلەرنى ئويلىدى. بىراق ئۇنىڭ يېنىدا فىدىيەگە يارىغۇدەك بىرەر نەرسە بولمىغاچقا ئانىسىدىن قالغان بويۇندىكى يادىكار گىلاپكىسىنى چىقىرىپ، ئەبۇلئاسنىڭ ئىنىسىدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەۋەتتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام فىدىيەسى تۆلەنگەن ئەسىرلەرنى قويۇپ بېرىۋاتقانىدى. فىدىيەلەر ئارىسىدا خەدىچە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ گىلاپكىسىنى كۆرۈپلا «بۇ فىدىيە كىمنىڭ؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلار: «ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئىنىڭ» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يىغلاپ تاشلىدى «بۇ خەدىچىنىڭ گىلاپكىسى» دېگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى خالايىق! بۇ كىشى كۈيئوغۇل بولغاندىن بېرى بىز ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرمىدۇق، شۇڭا ئۇنى قويۇپ بېرىشىمگە، گىلاپكىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشىمگە قوشۇلامسىلەر؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلار تەڭلا ئاۋازدا: «ئەلۋەتتە قوشۇلىمىز يا رەسۇلۇللاھ !» دېيىشتى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گىلاپكىنى ئەبۇلئاسقا بېرىپ: «زەينەپكە دەپ قويغىن، خەدىچىنىڭ گىلاپكىسىنى چىڭ ساقلىسۇن» دېدى. ئاندىن ئەبۇلئاس بىلەن سىرداشقىسى بارلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۇنى بىر چەتكە تارتىپ، «ئى ئەبۇلئاس! ئاللاھ مېنى مۇسۇلمان ئايال بىلەن كافىرنى ئايرىۋېتىشكە بۇيرىغان، شۇڭا قىزىمنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن» دېدى. ئەبۇلئاس ماقۇل بولدى.

يەنە بىر تەرەپتە زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئەبۇلئاسنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن مەككە دەرۋازىسىغىچە چىققانىدى. ئەبۇلئاس زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نى كۆرۈپ، ئايرىلىپ كېتىدىغان بولغانلىقىنى ۋە زەينەپنىڭ دادىسىنىڭ يېنىغا كېتىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا): «ئۇنداقتا سىزمۇ ماڭا ھەمرا بولۇپ بارسىڭىز ۋە مۇسۇلمان بولسىڭىز قانداق؟» دەپ سورىدى. ئەبۇلئاس رەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئوغلى ۋە قىزىنى ئېلىپ مەدىنىگە كەتتى.

مەدىنىدە ئالتە يىل جەريانىدا كۆپلىگەن كىشىلەر زەينەپكە توي قىلىش تەكلىپىنى سۇنغان بولسىمۇ ئۇ رەت قىلىپ، يولدىشىنىڭ چوقۇم بىر كۈنى ھەققە قايتىپ كېلىشىنى كۈتتى.

ئالتە يىلدىن كېيىن ئەبۇلئاس بىر كارۋان بىلەن مەككىدىن شامغا بارغاندا مەدىنە ئەتراپىدا ماللىرى بىلەن تۇتۇلۇپ قالدى. ئۇ قېچىپ چىقىپ زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ ئۆيىنى سوراپ تاپتى. بامداتقا ئەزان ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ئىشىكنى چەكتى. ئىشىكنى ئېچىپ

بالىلىرىنىڭ دادىسىنى كۆرگەن زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا): «مۇسۇلمان بولۇپ كەلدىڭىزمۇ؟» دەپ سورىدى.

ئەبۇلئاس: «ياق قېچىپ كەلدىم» دېدى. زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئۇنى ئىمان ئېيتىشقا شۇنچە دەۋەت قىلسىمۇ يەنىلا رەت قىلدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، ئۆز كاپالىتى ئاستىغا ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەت بىلەن بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ تۇرۇشىغا مەسچىتنىڭ ئارقا تەرىپىدىن «مەن ئەبۇلئاسنى كېپىللىكىمگە ئالدىم» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن ئاڭلىغان ئاۋازنى سىلەرمۇ ئاڭلىدىڭلارمۇ؟» دەپ سورىدى.

ساھابىلارمۇ ئاڭلىغانلىقىنى بىلدۈردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى خالايىق! مەن بۇ ئادەم كۈيئوغۇل بولغاندىن بېرى ئۇنىڭدىن يامانلىق كۆرمىدىم، بۇ كىشى ماڭا سۆز قىلغاندا دائىم راس گەپ قىلدى، ۋەدە قىلسا، ۋاپا قىلدى. ئەگەر بۇ كىشىنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپ، يۇرتىغا كېتىشكە رۇخسەت قىلساڭلار خۇرسەن بولاتتىم، ئەگەر ئۇنداق قىلىشنى خالىمساڭلار، ھەق سىلەرنىڭ، مەن سىلەرگە تاپا ـ تەنە قىلمايمەن» دېدى.

ساھابىلارمۇ ئەبۇلئاسنىڭ ماللىرىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە قوشۇلدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)غا: «سىز كېپىللىككە ئالغان كىشىگە بىزمۇ كېپىللىك بەردۇق» دەپ جاۋاپ قايتۇردى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەسچىتتىن چىقىپ زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ئۇنىڭغا: «ئى زەينەپ! يولدىشىڭىزنىڭ ياخشى ھۆرمىتىنى قىلىڭ، ئۇ ھاممىڭىزنىڭ ئوغلى، بالىلىرىڭىزنىڭ دادىسى. لېكىن ئۇ سىزگە قەتئىي يېقىنلاشمىسۇن، چۈنكى ئۇ سىزگە ھالال ئەمەس» دەپ جېكىلىدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ماقۇل بولدى ۋە ئەبۇلئاسنىڭ قېشىغا كىرىپ: «ئى ئەبۇلئاس ساڭا بىزدىن ئايرىلىش ئېغىر كەلدىمۇ، مۇسۇلمان بولۇپ بىز بىلەن قالساڭ بولمامدۇ» دېدى.

ئەبۇلئاس يەنىلا مۇسۇلمان بولۇشنى رەت قىلدى. شۇنداق قىلىپ ئەبۇلئاس ماللىرىنى ئېلىپ مەككىگە قايتىپ باردى ۋە كىشىلەر ئارىسىدا ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئى خالايىق! بۇ سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، مەندە باشقا بىرەر نەرسەڭلار قالدىمۇ؟» دەپ سورىدى.

كىشىلەر ئۇنىڭغا: «ئاللاھ سەندىن رازى بولسۇن، ۋاپادارلىقىڭ چەكسىز» دېيىشتى.

ئەبۇلئاس: «مەن شۇنىڭغا گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ئەلچىسىدۇر» دەپ شۇ يەردىلا ئىمان ئېيتتى. ئاندىن دەرھال مەدىنىگە قايتىپ

بىرىپ بامدات ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام قېشىغا كىرىپ كەلدى. «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! تۆنۈگۈن منى كىيىلىكىڭىزگە ئالغان ئىدىڭىز، مانا مەن بۇگۈن: «ئەشھەدۇئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھ ۋە ئەننەكە رەسۇلۇللاھ» دەپ ئىمان ئېيتىپ كەلدىم» دېدى ۋە زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نى قايتۇرۇپ ئېلىشقا رۇخسەت سورىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھسسالام ئەبۇلئاسنىڭ قولىنى تۇتقانچە زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باردى. زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)غا: «ھاممىڭىزنىڭ ئوغلى بۇگۈن سىزگە قايتىشقا رۇخسەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلىپ كەپتۇ، قوبۇل قىلامسىز؟» دەپ سورىدى.

زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) خىجالەتتىن يۈزى قىزارغان ھالدا تەبەسسۇم قىلدى.

ھەيران قالارلىقى شۇكى، بۇ ۋەقەدىن توپتوغرا بىر يىل كېيىن زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ۋاپات بولىدى. ئەبۇلئاس شۇنداق قاتتىق ئازابقا چۆمدىكى، ھەتتا ساھابىلارمۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ئۆز قولى بىلەن ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈپ، تەسەللى بېرىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئەبۇلئاس پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا: «ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، مەن زەينەپسىز بۇ دۇنيادا ياشىيالمايمەن» دېدى. ئەبۇلئاس ئېنى رەبىئ دېگىنىدەك زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ۋاپات قىلىپ، ساق بىر يىلدىن كېيىن بۇ دۇنيابىلەن ۋىدالاشتى.

(بېشى 24 ـ بەتتە)

ئىلىم ھېكمەت يولىنى قىلىپ بەرسەڭ ئاسانلىق،
جېمى يامان يوللارغا باشلايدىكەن نادانلىق،
جاھىل كىشى ھايۋانكەن ئىككى پۇتلۇق، زۇۋانلىق،
ئىناۋەتچان قۇل بولسام ئىلىملىك ۋە ئىمانلىق،
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

جاپا تارتتى مەن ئۈچۈن ئاتا ـ ئانام يەتكۈچە،
غېمى مەندە ھازىرمۇ ئەتىگەندىن كەچكىچە،
نېمە بولسام مەيلى دەر بالام جاپا چەككۈچە،
قىلسام دەيمەن خىزمىتىن، پۇرسەت قولدىن كەتكۈچە،
ئىشەنچ بىلەن ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

كەڭرى ئىدى بۇ جاھان كەتتى ھازىر تارلىشىپ،
ئاران تۇرار ھالالغا ھارام نەرسە ئارلىشىپ،
ھارام بىلەن روھ چىرەر، كېتەر دىللار قارلىشىپ،
ئەقىل ـ نەپسىمنىڭ ئورنى كەتمىسكەن ئالمىشىپ،
ئىشەنچ قىلىپ ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

«ھەر قېيىننىڭ كەينىدە بىر ئاسانلىق بار» دېدىڭ،
«بولساڭ تەقۋا، چىداملىق، نۇسرەت ساڭا يار» دېدىڭ،
«ئۈمىدسىزدۇر كاپىرلار، شۇڭا يولى تار »دېدىڭ
«ھېچكىم ئەزىز قىلالماس مەن قىلغاننى خار» دېدىڭ،
ئىشەنچ قىلىپ ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.

رەھىم قىلىپ بىزلەرگە، تىلەكلەرگە يەتكۈزسەڭ،
بەختۇدلۇق ۋە كىبىرنى بىزدىن نېرى كەتكۈزسەڭ،
بېشىمىزنى بىر ئۆمۈر بىر ساڭىلا ئەگكۈزسەڭ،
لەززىتىنى جەننەتنىڭ تىللىرىمغا تەگكۈزسەڭ
ئىشەنچ قىلىپ ھەممىنى ئاللاھ ساڭا تاپشۇردۇم.



# بالىڭىزغا ھېكمەت ئۆگىتىڭ

دوكتۇر سەمىر يۇنۇس

ھېكمەت ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ تەقۋادار بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان سوۋغىسى بولۇپ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەم ناھايىتى كۆپ ۋە مول ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان ئادەم ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ ھېكمەتنى خالىغان بەندىسىگە ئاتا قىلىدۇ؛ ھېكمەت ئاتا قىلىنغان ئادەمگە كۆپ ياخشىلىق ئاتا قىلىنغان بولىدۇ. پەقەت ئەقىللىق ئادەملەرلا بۇنىڭدىن پەند ـ نەسىھەت ئالىدۇ».[1] ئاللاھ تائالا ھېكمەتنىڭ ئەھمىيىتىنىڭ چوڭلۇقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئۇنى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋەزىپىلىرىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسلىرىدىن بىرى قىلدى. ھېكمەت سۆزى « قۇرئان كەرىم» دە بىر قانچە ئورۇندا كەلگەن بولۇپ، ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ ئۇممىلەرگە (يېزىشنى ۋە ئوقۇشنى ئۇقمايدىغان ئەرەبلەرگە) ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر پەيغەمبەرنى ئەۋەتتى، ئۇ (يەنى پەيغەمبەر) ئۇلارغا قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلاردىن) پاك قىلىدۇ، ئۇلارغا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى ئۆگىتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئىلگىرى ئوچۇق گۇمراھلىقتا بولسىمۇ ».[2]

ئاللاھ تائالا بەندىلىرىگە ھېكمەتتىن ئىبارەت بۇ نېمەتنى ئاتا قىلغانلىقى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنى ۋە ھېكمىتىنى ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر».[3]

(1) سۈرە بەقەرە 269 ئايەت.

(2) سۈرە جۇمۇئە 2 ـ ئايەت

(3) سۈرە بەقەرە 231 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

ئاللاھ تائالا ھېكمەتنىڭ ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەت ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ ساڭا كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ۋە ھېكمەتنى نازىل قىلدى، ساڭا سەن بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى. ئاللاھنىڭ ساڭا پەزلى چوڭدۇر».[1]

داۋۇد ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ داۋۇدقا سەلتەنەت ۋە ھېكمەتنى بەردى. ئۇنىڭغا خالىغان نەرسىلىرىنى (يەنى پايدىلىق ئىلىملەرنى) بىلدۈردى».[2]

ئىيسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: « ئەينى زاماندا ساڭا كىتابنى، ھېكمەتنى، تەۋراتنى ۋە ئىنجىلنى بىلدۈرگەن ئىدىم».[3]

ئاللاھ تائالا يەنە، دەۋەتچىلەرنىڭ يولباشچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ۋە باشقا پۈتۈن پەيغەمبەرلەرگە ئىنسانلارنى ئاللاھنىڭ دىنىغا ھېكمەت بىلەن دەۋەت قىلىشنى ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز ـ نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن، ئۇلار بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن».[4]

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىزنى ھېكمەت ھەققىدە ئىزدىنىشكە ۋە ھېكمەت ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن: «ھېكمەت مۇئمىننىڭ يوقاتقان نەرسىسىدۇر، ئۇنى قەيەردە تاپسا ئېلىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر»[5].

پەرزەنتلىرىمىز يۈرەك پارىلىرىمىز بولۇپ ئۇلارنى ساغلام تەربىيەلەپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارغا توغرا يول كۆرسىتىش ۋە نەسىھەت قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەڭ قىممەتلىك نەسىھەت ئۇلارغا ھېكمەت ئۆگىتىشتۇر. قۇرئان كەرىم لوقماننىڭ ئوغلىغا نەسىھەت قىلىشتىكى تەربىيە ئۇسلۇبىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: « ئۆز ۋاقتىدا لوقمان (ھەكىم) ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر»[6] دېدى. لوقمان ئوغلىغا نەسىھىتىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە مۇنداق دېدى: « ئى ئوغۇلچىقىم! قىلمىشىڭ قىچا چاغلىق نەرسە بولۇپ، ئۇ ئۇيۇل تاشنىڭ ئىچىدە (يەنى ئەڭ مەخپىي جايدا) يا ئاسمانلارنىڭ قېتىدا ياكى زېمىننىڭ ئاستىدا بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى ھازىر قىلىدۇ (ئۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ). ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىنچىكە كۆزەتكۈچىدۇر، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر. ئى ئوغۇلچىقىم! نامازنى ئوقۇغىن، كىشىلەرنى ياخشىلىققا بۇيرۇغىن، يامانلىقتىن توسقىن، ساڭا

(1) سۈرە نىسا 113 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(2) سۈرە بەقەرە 251 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە مائىدە 110 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(4) سۈرە نەھل 125 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(5) ئەللامە ئەلبانى ئىنتايىن زەئىپ دەپ باھالىغان ھەدىس.
(6) سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت.

يەتكەن كۆلپەتلەرگە سەۋر قىلغىن، بۇ ھەقىقەتەن ئىرادە تىكلەشكە تېگىشلىك ئىشلاردىندۇر. كىشىلەردىن مەنسىتمەسلىك بىلەن يۈز ئۆرۈمىگىن، زېمىندا غادىيىپ ماڭمىغىن، ئاللاھ ھەقىقەتەن ھاكاۋۇر، ئۆزىنى چوڭ تۇتقۇچىلارنى دوست تۇتمايدۇ. ئوتتۇراھال ماڭغىن، ئاۋازىڭنى پەسلەتكىن، ئاۋازلارنىڭ ئەڭ زېرىكەرلىكى ھەقىقەتەن ئېشەكلەرنىڭ ئاۋازىدۇر».[1]

ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىغا يازغان خېتىدە مۇنداق دېگەن: كىمكى ئاللاھ تائالادىن قورققىدىكەن، ئاللاھ ئۇنى قوغدايدۇ. كىمكى ئاللاھ تائالاغا تەۋەككۇل قىلىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ. كىمكى ئاللاھقا شۈكرى قىلىدىكەن، زىيادە قىلىپ بېرىدۇ. كىمكى ئاللاھقا قەرز بېرىدىكەن، مۇكاپاتلىنىدۇ.

يۇنان پەيلاسوپلىرىدىن ئەپلاتون مۇنداق دەيدۇ: بۈگۈن نەسىھەتنى ھەقسىز قوبۇل قىلىشتىن باش تارتقان كىشى، ئەتە ئەڭ قىممەت باھادا سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئايەتلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، بارلىق ئاتا-ئانىلار بالىلىرىغا ھېكمەت ئۆگىتىشنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە بىر قانچە ھېكمەتنى بايان قىلىپ ئۆتىمەن.

1 ـ ئىمانىڭىز دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئامانلىق دېمەكتۇر.

(1) سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت.

لوقمان ئوغلىغا ۋەسىيىتىنى: «ئى ئوغۇلچىقىم، ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمىگىن، شېرىك كەلتۈرۈش ھەقىقەتەن زور گۇناھتۇر»[2] دەپ باشلىدى.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۈممىتىنى ئىمانغا ئەھمىيەتكە بېرىشنى تەكتلەپ: «ئىمانىڭلارنى يېڭىلاڭلار»[3] دېگەن.

2 ـ ئىلىم نۇردۇر، ئاللاھ تائالا ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىتائەتكار بەندىلىرىنىڭ قەلبىگە سالىدۇ.

ئەبۇ دەردا «ئىلىم تەلەپ قىلىڭلار، ئىلىم تەلەپ قىلىشقا قادىر بولالمىساڭلار، ئىلىم ئەھلىنى ياخشى كۆرۈڭلار» دېگەن.

ئەرەب ماقال تەمسىللىرىدە: «چالا ئىلىم، جاھالەتتىنمۇ بەك خەتەرلىكتۇر» دېيىلگەن.

3 ـ تائەت- ئىبادەت ئىنساننى ئەزىز قىلىدۇ، گۇناھ مەسىيەت خار قىلىدۇ.

ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ياخشىلىق ئىنساننىڭ يۈزىنى ۋە قەلبىنى نۇرلاندۇرىدۇ، رىزقىنى زىيادە قىلىدۇ، بەدەنگە كۈچ - قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ. ئەمما يامانلىق بولسا، ئىنساننىڭ يۈزىنى ۋە قەلبىنى قارايتىدۇ، بەدەننى زەئىپلىتىدۇ، رىزقىنى كېمەيتىدۇ، ئىنسانلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى كەلتۈرىدۇ. شۇنىڭدەك گۇناھ مەسىيەت ئىنساننى

(2) سۈرە لوقمان 13 ـ ئايەت.

(3) ھەيسەمى بۇ ھەدىسنى تەبەرانى «ئەلكەبىر»دە رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ــ دېگەن.

ئىلمىدىن مەھرۇم قىلىدۇ، چۈنكى ئىلىم ئاللاھ قەلبكە تاشلايدىغان نۇر بولۇپ، گۇناھ مەسىيەت ئۇ نۇرنى ئۆچۈرىدۇ.

ئىمام شافىئىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى: ئۇ ئۇستازى ئىمام مالىكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ دەرسنى ئوقۇپ بەرگەن. ئىمام مالىك خۇشال بولغان ۋە ئۇنىڭ ھوشيار ۋە چېچەنلىكىدىن ئەجەبلىنىپ، مەن سېنىڭ قەلبىڭدە ئاللاھ تەرىپىدىن تاشلانغان بىر نۇرنى كۆرۈۋاتىمەن، سەن بۇ نۇرنى گۇناھ مەسىيەتنىڭ زۇلمىتى بىلەن ئۆچۈرۈپ قويمىغىن، دېگەن.

4 ـ تەقۋالىق ئەڭ كۈچلۈك قورالدۇر.

تەقۋالىق بىلەن ئاللاھ سىزنى قىيىنچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ. «كىمكى ئاللاھ تىن قورقىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭغا ئويلىمىغان يەردىن رىزىق بېرىدۇ» . [1]

5 ـ ئاز سۆزلەش

بىلگەن نەرسەڭنىڭ ھەممىسىنى سۆزلىمە، لېكىن بىلىپ سۆزلە، كۆپ سۆزلەش خاتالىقلارغا ئېلىپ بارىدۇ. سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاز بولغىنى ۋە مالال قىلىپ قويمىغىنىدۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭغا جەۋامىئۇل كەلىمنىڭ[2] بېرىلىشىدۇر.

6 ـ ئۆگەنگۈچى بولغانلىقىڭ كۇپايە قىلمايدۇ. لېكىن ئۆتكۈر پىكىرلىك، مەسىلىلەر ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولۇشۇڭ كېرەك. ئاڭلىغانلىرىڭ شەرىئەتنىڭ ئاساسلىق مەنبەلىرىلا بولمايدىكەن، ئاڭلاپ بولغىچە قوبۇل قىلما. ئارستو: «ئوقۇغۇچى ياكى ئۆگەنگۈچىنىڭ ئەقلى قابىلىيىتى، ئاڭلىغانلىرىنى دەرھال قوبۇل قىلىشتا ئەمەس، بەلكى تەپەككۇر قىلىپ پىكىر يۈرگۈزۈشتە» دېگەن. بۇ ھەقتە ئىسلام مۇتەپەككۇرى ئابباس مۇھەممەد ئاققاد: «يېڭى كىتابتىن ئۈچنى ئوقۇغاندىن، ياخشى كىتابتىن بىرنى ئۈچ قېتىم ئوقۇپ چىققان ياخشى» دېگەن.

7 ـ يەتكەن مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىل.

ئەبۇ سەئىد ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: «مۇسۇلمانغا يەتكەن قىيىنچىلىق، كېسەللىك، غەم ـ غۇسسە، ئەزىيەت ۋە خاپىلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۈچۈن، ھەتتا بەدىنىگە كىرگەن تىكەن ئۈچۈنمۇ ئاللاھ تائالا ئۇنىڭ خاتالىقلىرىنى كەچۈرىدۇ» .[3]

دانالار: «مۇسىبەت يەتكەندە سەۋر قىلماسلىقنىڭ ئۆزىمۇ يەنە بىر مۇسىبەتتۇر» دېگەن. دانالاردىن يەنە بىرى مۇنداق دەيدۇ: «ھەقىقى رەۋىشتە سەۋر قىلالىغان ئادەم باشقا ئىشلارنىمۇ پۇختا ئورۇندىيالايدۇ» .

(1) سۈرە تەلاق 2 ـ 3 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

(2) (لەۋزى قىسقا مەزمۇنى مول سۆزلەر).

(3) بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتا ـ ئانىلار باللارغا سەۋر قىلىشنى ئەمەلىي مەشقلىرى ئارقىلىق ئۆگىتىشى ۋە قەلبىگە چوڭقۇر سىڭدۈرۈشى، بۇ دۇنيادا ھېچقانداق سىناق ۋە مۇسىبەتكە دۇچ كەلمەستىن داۋاملىق پاراۋانلىق ۋە خوشال ـ خورام ھالدا ياشاشقا ئاللاھ تائالادىن ۋەدە ئالمىغانلىقىنى، ئىنساننىڭ مۇسىبەتتىن خالىي بولالمايدىغانلىقىنى ئۆگىتىشى كېرەك. « سىلەردىن قايسىڭلارنىڭ ئەمەلى ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى سىناش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۆلۈمنى ۋە تىرىكلىكنى ياراتتى»[1] بىزگە قىينچىلىق ۋە مۇسىبەتلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ. بالا ـ مۇسىبەت ھەر ئادەمنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچلۈك ياكى ئاجىزلىقىغا قاراپ بولىدۇ. شۇڭا مۇئمىن ئادەم مۇسىبەتتىن قېچىش يوقلىقىنى بىلىشى، ھەردائىم ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى، ئاللاھ تائالا ئىستىغپار ئېيتىپ تۇرغان كىشىنى قىينچىلىقلاردىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ئويلىمىغان يەردىن رىزىق ئاتا قىلىدۇ.

8 ـ دائىم سىزنى تەستىقلىغىنى ئەمەس، سىزگە راست سۆزلىگىنى ھەققىي دوستىڭىز.

بەزىدە سىزنى خاتالىق ئۈستىدە كۆرۈپ تۇرۇپمۇ ئاگاھلاندۇرمايدىغان، سىزگە نەسىھەت قىلىش ئورنىغا سىزگە ئەگىشىش ئارقىلىق سىزنى خوشال قىلىدىغان دوستلارنى تاللاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن. لېكىن، سىزگە راستچىل بولماي، سىزنى تەستىقلايدىغان كىشىلەر سىزنىڭ ھەققىي دوستىڭىز ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ خاتالاشقانلىقىڭىزنى كۆرسە سىزگە ئازار بەرمەستىن خاتالىقىڭىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان، سىزگە قارىتا دائىم ياخشى ئويدا بولىدىغان ۋە سىزدىن ئۆزرە ئىزدەيدىغان، سىرىڭىزنى ساقلايدىغان، راھەت ـ پاراغەتتىمۇ، خۇشاللىق ۋە غەم قايغۇدىمۇ، مولچىلىق ۋە يوقسۇللۇقتىمۇ بىرگە بولالايدىغان، ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق سىز ئۈچۈن ئۆز نەپسىدىن ۋاز كېچەلەيدىغان، دائىم ئۆزىگە ياخشىلىقنى ئارزۇ قىلغىنىدەك سىزگىمۇ ئارزۇ قىلىدىغان، ئەيىبىڭىزنى كۆرسە نەسىھەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلىرىڭىزنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدىغان، سورۇنلاردا ئورۇن بوشىتىپ بېرىدىغان، سىز تەلەپ قىلىشتىن بۇرۇن ھاجىتىڭىزنى راۋا قىلىشقا ھەرىكەت قىلىدىغان، سىزگە غايىبانە دۇئا قىلىدىغان، سىزدىن ھېچقانداق دۇنياۋى مەنپەئەت كۆزلىمەستىن ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا سىزنى ياخشى كۆرىدىغان، سىزنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى خىجىل بولماي يۈزىڭىزگە ئېيتالايدىغان سەممىي ئادەملەرنى دوست تۇتۇشقا تىرىشىڭ!

9 ـ ياخشى سۆز سەدىقىدۇر.

ئاللاھ تائالا ياخشى سۆزنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «ئاللاھنىڭ مۇنداق بىر تەمسىل كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ. كەلىمە تەييىبە (يەنى ياخشى سۆز، ئىمان كەلىمىسى) يىلتىزى يەرنىڭ ئاستىدا بولغان، شېخى ئاسمانغا تاقاشقان،

(1) سۈرە مۇلك 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

پەرۋەردىگارىنىڭ ئىزنى بىلەن ۋاقتى — ۋاقتىدا مېۋە بېرىپ تۇرىدىغان ئېسىل دەرەخقە ئوخشايدۇ.[1] ئاللاھ كىشىلەرگە ۋەز — نەسىھەت ئالسۇن دەپ، ئۇلارغا نۇرغۇن تەمسىللەرنى كەلتۈرىدۇ، يامان سۆز (يەنى كۇفرى كەلىمىسى) زېمىندىن قومۇرۇپ تاشلانغان، ھېچقانداق قارارى يوق ناچار دەرەخقە ئوخشايدۇ».[2]

سۆزنىڭ ئەڭ ياخشىسى ئاللاھنىڭ دىنىغا دەۋەت قىلىشتۇر. «ئىنسانلارنى ئاللاھقا دەۋەت قىلغان، ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان ۋە (مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن) دېگەن كىشىدىنمۇ ياخشى سۆزلۈك ئادەم بارمۇ؟».[3]

مېھر — مۇھەببەتكە، ئاتا — ئانىلارغا، ئۇرۇغ — تۇغقانلارغا ۋە ئەتراپىمىزدىكىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا دالالەت قىلىدىغان سۆزلەرمۇ ياخشى سۆز قاتارىغا كىرىدۇ. «ئۆز ۋاقتىدا بىز ئىسرائىل ئەۋلادىدىن ئاللاھتىن باشقىغا ئىبادەت قىلماسلىققا، ئاتا — ئانىغا، خىش — ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا، كىشىلەرگە ياخشى سۆز قىلىشقا، ناماز ئۆتەشكە، زاكات بېرىشكە

ئەھدە ئالغان ئىدۇق».[4] سىزگە نەسىھەت قىلغان ۋە ياخشىلىق قىلغان كىشىلەرگە رەھمەت ئېيتىش، باشقىلارغا سالام قىلىش، تويى — مەرىكىگە ئوخشاش مۇناسىۋەتلەردە باشقىلارنى تەبرىكلەش، مۇسىبەتلەردە تەزىيە بىلدۈرۈش قاتارلىقلارمۇ ياخشى سۆزلەرنىڭ ئىچىگە كىرىدۇ.

**10**ـ ساڭا يامانلىق قىلغانغا ياخشىلىق قىل، ئۇنى يامانلىقتىن توسىسەن.

بۇ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئىشارەت قىلىپ ئۆتكەن ناھايىتى قىممەتلىك ھېكمەتلەردىن بىرى بولۇپ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ. «ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق يامان ئىللەتكە تاقابىل تۇرغىن، شۇنداق قىلساڭ سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ».[5]

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئاللاھ تائالا ماڭا مۇنداق توققۇز نەرسىنى بۇيرىدى» دەپ: «تۇغقانچىلىقنى ئۈزگەنلەرگە سىلە — رەھىم قىلىش، زۇلۇم قىلغاننى ئەپۇ قىلىش» نى توققۇز خىسلەتنىڭ جۈملىسىدىن زىكرى قىلغان.[6]

**11**ـ ئۆزۈڭنى كۆپ تەرىپلەپ كەتمىگىن.

---

(1) ياخشى سۆز دەرەخكە ئوخشىتىلغان، چۈنكى دەرەخ ھەردائىم سۇغۇرۇش ۋە پەرۋىش قىلىشقا مۇھتاج، ئەگەر پەرۋىش قىلمىسا قۇرۇپ قالىدۇ. قەلبتىكى ئىمانمۇ خۇددى دەرەخكە ئوخشاش ئىگىسى تەرىپىدىن پايدىلىق ئىلىم، زىكر تەسبىھ ۋە تەپەككۇر ئارقىلىپ سۇغۇرۇلۇپ تۇرۇلمىغىنىدا قۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن.

(2) سۈرە ئىبراھىم 24 ـ 25 ـ ئايەت.

(3) سۈرە فۇسسىلەت 33 ـ ئايەت.

(4) سۈرە بەقەرە 83 ـ ئايەت.

(5) سۈرە فۇسسىلەت 34 ـ ئايەت.

(6) رەزىن رىۋايەت قىلغان، ئەلبانى ھەسەن دېگەن.

زۆرۈر بولمىغاندا باشقىلارغا ئالاھىدىلىكلىرىڭىزنى تونۇشتۇرما، چۈنكى باشقىلارغا ئۆزۈڭ توغرۇلۇق كۆپ سۆزلەش ئاجىزلىقىڭغا دالالەت قىلىدۇ. ئۇستاز مۇستاپا ئەسسىبائىي رەھمەھۇللاھ: «باشقىلارغا دائىم ئۆزۈڭ توغرۇلۇق سۆز قىلىشىڭ ئۆزەڭگە بولغان ئىشەنچىڭ ئاجىزلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ» دېگەن.

12 ـ نىشانىڭنى بەلگىلە ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۈتۈن ئىشەنچ بىلەن تىرىشقىن!

پىرانك لوۋىيدرايت مۇنداق دەيدۇ: «ھاياتتا بىز ئېنىقكە تەتقىق قىلىپ بەلگىلىگەن، ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا چىن قەلبىمىزدىن ئىشەنگەن پىلانلار دائىم ئەمەلگە ئېشىپ كەلمەكتە، شۇڭا بىز ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلماقچى بولساق، شۇ ئىشنى قىلالىشىمىزغا ئىشەنچ قىلىشىمىز ۋە مۇستەھكەم ئىرادە باغلىشىمىز كېرەك».

شۇنىڭدەك غەلىبە ھەممىدىن مۇھىم نەرسە ئەمەس، لېكىن دائىم غەلىبە قىلىشقا بولغان قىزغىنلىق ۋە تىرىشچانلىق غەلىبىكار كىشىلەرنىڭ ئەڭ مۇھىم سۈپەتلىرىدىن بىرىدۇر.

13 ـ بىر قېتىملىق مەغلۇبىيەتىڭ، غەلىبە ئۈچۈن يېڭى بىر يولنى بىلىشىڭ دېگەنلىكتۇر.

ئالبېرت ئېينىشتېين مۇنداق دەيدۇ: « پەقەت مەغلۇپ بولۇپ باقمىغانلىقىنى ھېس قىلغان ھەرقانداق بىر كىشى ھاياتىدا ھېچقانداق بىر يېڭىلىقنى تەجرىبە قىلىپ باقمىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ».

ھەرگىز مەن مەغلۇپ بولدۇم، دېمە! غەلىبە قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسەتتىم دېگىن. غەلىبە ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان تىرىشچانلىقلار ئۇتۇقلۇق بولماسلىقى مۇمكىن، لېكىن ئۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ مەغلۇپ بولغانلىقىڭ ھېساپلانماستىن، بەلكى ئۇ ئالدى بىلەن ئاللاھقا ئاندىن قالسا، ئۆزەڭگە بولغان ئىشەنچ، كۈچلۈك ئىرادە ۋە ھىممەت بىلەن يېڭىدىن باشلاش ئۈچۈن يەنە بىر پۇرسەتتۇر.

شۇنىتسىيە خەلقىنىڭ ماقال تەمسىللىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: يىقىلىش ئەيىب ئەمەس، ھەقىقىي ئەيىب ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشماسلىقتۇر.

14 ـ سەن ئىش قىلىدىكەنسەن، چوقۇم خاتالىق ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭغا ئىشەنگىن.

كۆپ ئىش قىلغان ئادەمنىڭ خاتالىشىدىغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ھېچقانداق ئىش قىلمايدىغان ئادەم قانداقمۇ خاتالاشسۇن؟ ئەمەلىيەتتە بىر ئىش قىلمىغان ئادەم خاتالاشمايدۇ، ئەمەسمۇ؟

15 ـ غەم ـ غۇسسىلەرنىڭ بېشىڭنى چىرمىۋېلىشىغا يول قويما.

پەيلاسوپلارنىڭ بىرى مۇنداق دەيدۇ: «سەن غەم ئەندىشە قۇشلىرىنىڭ بېشىڭنىڭ ئۈستىدە ئۇۋا ياسىشىنى تۇسالماسلىقىڭ مۇمكىن، لېكىن ئۇنىڭ بېشىڭنىڭ ئىچىدە ئۇۋا ياسىشىنى تۇسالايسەن».

ھەقىقەتەن، ھايات دائىم خوشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ياكى قىينچىلىقتا ئۆتمەيدۇ، شۇڭا غەم ـ قايغۇ ۋە قىينچىلىقتىن دەسلىپىدىلا ھەقىقىي قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئاللاھقا ئىلتىجا قىل، بەلكى سەن ئىزدىگەن بەخت، سەن كۆرەلمىگەن بىلەن ساڭا ئىنتايىن يېقىن بولىشى مۇمكىن.

16 ـ باشقىلارنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى چۈشەن.

ۋىلىيام ھازلىت[1] مۇنداق دەيدۇ: باشقىلارنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسلۇبىنى بىلىشىڭ زۆرۈر بولغىنىدەك، باشقىلارنى ئۆزەڭگە ئەگەشتۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارغا ئەگىشىشىڭ ئىنتايىن زۆرۈر.

كىشىلەرنىڭ شەخسىيىتى، ئەقلى ۋە ۋىجدانىي خۇسۇسىيەتلىرى ئوخشاشمايدۇ، شۇڭا ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ قەلبىگە ۋە ئەقلىگە كىرمەكچى بولساڭ، ئۇلارنىڭ شەخسىيىتىنى ئۇبدان بىلىشىڭ كېرەك.

-تەرجىمىدە ئابدۇلئەھەد ئۇجات.

## ئەتە كىملەر بار؟

سىناق ئۈچۈن يارالدۇق بىزلەر،
بۇ دۇنيادا كىم ئەزىز كىم خار؟
قەدىرلىمەي ئۆتسەك بۈگۈننى،
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار؟

جان ئامانەت بىزلەرنىڭ ئەمەس.
يۈز ياشلارنى قىلساقمۇ ھەۋەس.
بۇ ھاياتقا جاۋاب بەرمەك تەس.
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار؟

بۇ دۇنيانى سورىغانمۇ كەتتى.
بۇ دۇنيادىن تويغانمۇ كەتتى.
كىم ئۇنتۇلۇپ كىمنى ياد ئەتتى.
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار؟

بۈگۈن تىلىپ بىراۋ قەلبىنى.
ياۋاشلارغا بېرىپ زەربىنى.
ئالساقمۇ گەر ئەڭ چوڭ غەلبىنى.
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار ؟

بۈركۈت كەبى قاقساڭمۇ قانات.
سەبرى بىلەن گۈزەلدۇر ھايات.
كۆلكەڭ بىلەن دىلنى ئەيلە شاد.
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار؟

دوستلار ئارا سەن پەن دېمەيلى.
يول قويايلى گۈلدەك ئۆتەيلى.
كەتسە دوستقا كېتىپتۇ دەيلى.
كىم بىلىدۇ ئەتە كىملەر بار؟؟؟

---

(1) ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى ۋە ئوبزورچى (1778 ـ 1830).




# ھەدىس شەرىپىنىڭ ئىسلامدىكى ئورنى (3)

ياسىن ئابدۇلھەكىم

بىز ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالدىنقى سانلىرىدا ھەدىس شەرىپىنىڭ قۇرئان كەرىمدىن قالسا ئىسلامنىڭ ئىككىنچى دەستۇرى ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ قۇرئان كەرىم بىلەن بولغان ئالاقىسى ۋە ئۇنىڭسىز قۇرئان كەرىمگە تولۇق ئەمەل قىلىشنىڭ مۇمكىن بولمايدىغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىش بىلەن بىرگە، ھەدىس شەرىپنى مۇتلەق ئىنكار قىلىپ، بىزگە قۇرئان كۇپايە دەيدىغان ئازغۇن پىكىردىكىلەرنىڭ سەپسەتىلىرىگە رەددىيە بەرگەن ئىدۇق. تۆۋەندە ھەدىس شەرىپنىڭ مۇتەۋاتىر[1] بولمىغان خەبەر ۋاھىد[2] دەرىجىسىدىكى قىسىملىرىنى ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ دەپ سەھىھ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلمايدىغان ۋە ھەدىس شەرىپ ئوبرازىغا داغ تەگكۈزۈپ، ئەھلى سۈننەت جامائىتىدىن چەتنەپ كەتكەن بىر قىسىم ئالىملارنىڭ خاتا كۆزقاراشلىرىغا رەددىيە بېرىپ ئۆتمەكچىمىز.

خەبەر ۋاھىد دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلماسلىق، ئۇنى شەرىئەت ئەھكاملىرى ئۈچۈن ھۆججەت (دەلىل) بولالمايدۇ دەيدىغان قاراش ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خەلىپىلىك دەۋرىدە باش كۆتۈرگەن پىتنە[3] سەۋەبلىك خاۋارىج ۋە شىئەلەر تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان بىر خاتا كۆز قاراشتۇر. دىن دۈشمەنلىرى خاۋارىج ۋەر شىئەلەرنىڭ باتىل كۆز قاراشلىرىنى دەستەك قىلىپ

---

(1) يالغان بىر ئىشقا كېلىشىۋېلىشى مۇمكىن بولمايدىغان، ئىشەنچلىك بىر توپ جامائەت يەنە ئۆزىدەك ئىشەنچلىك بىر توپ جامائەتتىن رىۋايەت قىلغان ھەدىس «مۇتەۋاتىر» دېيىلىدۇ.

(2) مۇتەۋاتىر دەرىجىسىگە يەتمىگەن، لېكىن ئىشەنچلىك بىر، ئىككى ياكى ئۈچ كىشىنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئىشەنچلىك كىشىلەردىن قىلغان رىۋايىتى خەبەر ۋاھىد دېيىلىدۇ.

(3) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ئۇرۇشنى دېمەكچى.

تۇرۇپ، ئىسلام قانۇنشۇناسلىقىنىڭ ئىككىنچى ئاساسى بولغان ھەدىس شەرىپكە تىل ئۇزارتقان.

## ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرگە قارىتا تۇتقان يولى

خەبەر ۋاھىد دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىش دەرىجىسى ۋە مەنە ئىپادىلەش دەرىجىسى مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىسىدىن تۆۋەن بولسىمۇ، ئەھلى سۈننەت جامائىتى ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپ، شەرىئەتنىڭ بارلىق ئەھكاملىرىدا ھۆججەتلىككە يارايدۇ، دەپ قارايدۇ[1]. ئەبۇ ئابدۇللاھ فەخرۇددىن رازى «ئەلمەھسۇل» ناملىق كىتابىدا خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرنىڭ ھۆججەتلىكىگە ئۆز ۋاقتىدا ساھابىلەرنىڭ بىردەك ئىتتىپاققا كەلگەنلىكىنى بايان قىلىدۇ[2]. ئىمام ئەھمەد، ھارىس ئىبنى ئەسەد ئەلمۇھاسىبى، ئەبۇ سۇلەيمان ئەلخەتتابى ۋە ئىمام مالىك قاتارلىق ئۆلىمالار خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكى ئىسپاتلانسا، مۇنداق ھەدىسلەر پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن[3] ۋە ئېنىق مەنىگە[4] دالالەت قىلغان بولۇپ قوبۇل قىلىنىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىش ۋاجىپتۇر، دەپ قارايدۇ. دېمەك، خەبەر ۋاھىد دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ ئىپادىلەيدىغان مەنىسىدە ئۆلىمالار ئىختىلاپ[5] قىلىشقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھۆججەتلىكى ۋە ئەمەل قىلىشنىڭ ۋاجىپلىقىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىتتىپاقتۇر.

خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرنى ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ دېگۈچىلەر ئەھلى سۈننەت جامائىتىنىڭ يولىدىن چەتنەپ كەتكەنلەردۇر. ئەھلى سۈننەت جامائىتىدىن چەتنەپ كەتكەنلەرنىڭ مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن ئازغانلار قاتارىدا مۇنۇ ئايەتتە كۆرسىتىلگەن ئازابقا دۇچار بولۇش خەۋپى بار: «كىمكى ئۆزىگە توغرا يول ئېنىق بولغاندىن كېيىن پەيغەمبەرگە مۇخالىپەتچىلىك قىلىپ، مۆمىنلەرنىڭ يولىدىن باشقىسىغا ئەگەشىدىكەن، ئۇنى ئۆز يولىغا قويۇپ بېرىمىز، ئۇنى ئاخىرەتتە جەھەننەمگە كىرگۈزىمىز، جەھەننەم نېمىدېگەن يامان جاي!»[6].

خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەر ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ دېگۈچىلەرنىڭ بەزى سەپسەتىلىرىگە تۆۋەندىكىچە رەددىيە بېرىلىدۇ:

بىرىنچى سەپسەتە: ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن: «ئۆزۈڭ بىلمەيدىغان

(1) السنة ومكانتها في التشريع الإسلامي للدوكتور مصطفي السباعي. صفحة 191.

(2) المحصول لفخر الدين الرازي (مخطوط)

(3) رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ يالغان ئېيتىش ياكى خاتا كېتىش ئېھتىمالى يوق. لېكىن بۇ مەسىلىدە ئۆلىمالارنىڭ باشقىچە كۆز قارىشىمۇ بار.

(4) باشقا دەلىلگە قاراش ھاجەتسىز بولغان مەنە دېمەكچى.

(5) كۆپ سانلىق ئۆلىمالار خەبەر ۋاھىد ھەدىس باشقا دەلىل ۋە قەرىنىلەرگە قاراشقا ئېھتىياجلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ.

(6) سۈرە نىسا 115 ـ ئايەت.

نەرسىگە ئەگەشمە »[1] ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن :« گۇمان دېگەن ھەقنى ئىسپاتلاشتا ھېچ نەرسىگە يارىمايدۇ[2]. خەبەر ۋاھىد دەرىجىسىدىكى ھەدىسلەرنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىنىشى گۇمان بىلەن ئىسپاتلانغان، ھەمدە ئېنىق مەنىنى ئىپادىلىمەيدۇ، گۇمان ئېنىق بولمىغان بىر ئىشتۇر. ئېنىق بولمىغان بىر ئىش قانداقمۇ شەرىئەت ئەھكاملىرىدا ھۆججەتلىككە يارىسۇن!؟

جاۋاب: بۇ سەپسەتىنى كۆتۈرۈپ چىققانلار ئەرەپ تىلىدىكى **(الظن)** دېگەن سۆزنىڭ بىرقانچە مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ جەزم قىلىش مەنىسىدىمۇ كېلىدىغانلىقىنى بىلمىگەن. مەسىلەن « **إِنِّي ظَنَنتُ أَنِّي مُلَاقٍ حِسَابِيَهْ**» يەنى « مەن ھېساب بېرىش ئۈچۈن (ئاللاھقا) ئۇچرىشىدىغانلىقىمغا جەزمەن ئىشەنگەن ئىدىم» [3] دېگەن ئايەتكە ئوخشاش. بۇ ئايەتتە مەزكۇر سۆزنىڭ جەزم قىلىش مەنىسدە كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك مۇھەددىس ئۆلىمالار خەبەر ۋاھىد **(يفيد الظن)** دېگەن سۆزىدە ئىلمى ئاساستىن يىراق بولغان گۇمانىنى ئىپادىلەيدۇ دېمەكچى ئەمەس، بەلكى بەزىدە جەزم قىلىش مەنىسدە كېلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ دېمەكچى. بۇ سۆزدىن خەبەر ۋاھىد ھۆججەتلىككە يارىمايدۇ دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەتلىكى ساھابىلەر ۋە تابىئىنلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىجما قىلىنغان (ئىتتىپاقىقا كېلىنگەن) بىر مەسىلىدۇر[4]، ئىجمانىڭ دىنىنىڭ مەنبەلىرىدىن بىرى ئىكەنلىكىگە ھېچبىر مۇسۇلمان شەك قىلمايدۇ.

ئىككىنچى سەپسەتە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر كۈنى خۇپتەن نامىزىنى ئىككى رەكئەت ئوقۇپلا سالام بېرىپ نامازنى تۈگەتكەندە، زۇليەدەين دەپ تونۇلغان ساھابە «ئى رەسۇلۇللاھ! ناماز ئىككى رەكئەتكە قىسقاردىمۇ ياكى ئۇنتۇپ قالدىلىمۇ؟» دەپ سورىغاندا، « پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نامازنىڭ قىسقارغىنى يوق، ئۇنتۇپ قالغىنىممۇ يوق» دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلمىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن باشقا ساھابىلەر « ئۇنتۇپ قالدىلا ئى رەسۇلۇللا! ناماز ئىككى رەكئەت بولۇپ قالدى» دەپ گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى رەكئەت نامازنى تولۇقلاپ سەجدە سەھۋى قىلغان ئىدى. ئەگەر خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلىش ۋاجىپ بولىدىغان بولسا، نېمىشقا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زۇليەدەيننىڭ سۆزىنى دەسلەپتە قوبۇل قىلمىغان؟ بۇ ۋەقەلىكتىن خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكى چىقىدۇ.

جاۋاب: ئەقلىنى ئىشلەتكەن ھەر قانداق بىر كىشىگە بۇ سەپسەتىنىڭ جاۋابى ناھايىتى ئېنىقتۇر. چۈنكى پەيغەمبەر

---

(1) سۈرە ئىسرا، 35- ئايەت.
(2) سۈرە نەجم، 28 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
(3) سۈرە ھاققە 20 ـ ئايەت.

(4) الإمام المالكي الكبير شهاب الدين القرافي في كتابه (الفروف2/148و149)

ئەلەيھىسسالام زۇلەيدەيىنى خاتا سۆزلەپ قالدىغۇ دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ سۆزىنى دەرھال قوبۇل قىلمىغان، باشقا ساھابىلەر ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سۆزىنى قوبۇل قىلغان. ئەگەر خەبەر ۋاھىد ھۆججەت بولمايدىغان بولسا ئىدى، باشقىلار گۇۋاھلىق بەرسىمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قوبۇل قىلمىغان بولاتتى، چۈنكى گۇۋاھلىق بەرگۈچىلەر ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ قاتارلىق كاتتا ساھابىلەر ئىدى.

ئۈچىنچى سەپسەتە: بىر قانچە ساھابىنىڭ خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلمىغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان. مەسىلەن: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇغىرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ ئانا مىراستىن ئالىدىغان بىرنى ئالتىدىن بىر ئۈلۈشنى مۇھەممەد ئىبنى مەسلەمە مەنمۇ شۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئاڭلىغان ئىدىم دەپ گۇۋاھلىق بەرمىگۈچە قوبۇل قىلمىغان. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ ئەبۇ مۇسانىڭ بىراۋنىڭ ئۆيىگە كىرىشتىن بۇرۇن ئىجازەت سوراش توغرىسىدىكى ھەدىسىنى قوبۇل قىلماي، ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ شۇنداق رىۋايەت قىلغاندىن كېيىن قوبۇل قىلغان. بۇنىڭغا ئوخشىغان ۋەقەلىكلەرمۇ خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

جاۋاب: بۇ سەپسەتىگە جاۋاب بىرىشتىن بۇرۇن شۇنى دەيمىزكى، بارلىق ساھابىلەرنىڭ خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلغانلىقى مۇتەۋاتىر دەرىجىدە ئىسپاتلانغان. شۇڭا مۇتەۋاتىر ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلىمىز دەيدىغانلار خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرگىمۇ ئەمەل قىلىشى لازىم. ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاب قاتارلىق ئىككى خەلىپىنىڭ مەزكۇر ساھابىلەر رىۋايەت قىلغان ھەدىسنى قوبۇل قىلىشتا باشقىلارنىڭمۇ ئوخشاش رىۋايەت قىلىشىغا قاراپ قېلىشى خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەت ئەمەسلىكىگە دەلىل بولمايدۇ. بەلكى، ئۇلار شۇ ھەدىسنىڭ سەھىھ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ ئېنىقلاش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. بۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن كەلگەن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىدىغانلار ۋە قوبۇل قىلىدىغانلارنى ھوشيار ۋە سەگەك بولۇشقا ئۈندەيدىغان بىر ۋەقەلىكتۇر. ئەگەر ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر ئىبنى خەتتاپ خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلمايدىغان ياكى ئۇنىڭ ھۆججەتلىكىدە شەك قىلىدىغان كىشىلەردىن بولسا ئىدى، مەزكۇر ھەدىسنى ئىككىنچى بىر كىشى قوشۇلۇپ رىۋايەت قىلغان تەقدىردىمۇ قوبۇل قىلمىغان بولاتتى. چۈنكى مەزكۇر ھەدىس خەبەر ۋاھىدلىق سۈپىتىدىن مۇتەۋاتىرلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگىنى يوق.

خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئېتىراپ قىلمايدىغانلارنىڭ سەپسەتىلىرىگە جاۋاب بېرىپ بولغاندىن كېيىن، خەبەر ۋاھىد ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىسپاتلايدىغان بەزى دەلىللەرنى كەلتۈرۈش بىلەن بۇ ماقالىنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.

1 ـ ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: « ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى بىرەر ئىشتا ھۆكۈم چىقارغان چاغدا، ئەر ـ ئايال مۆمىنلەرنىڭ ئۆز ئىشىدا ئىختىيارلىقى بولمايدۇ، يەنى ئۇنىڭغا مۇخالىپەتچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ»[1]. بۇ ئايەتتە ئاللاھ تائالا پەيغەمبەر قانداقلا بىر ئىشتا ھۆكۈم چىقارسا ئۇنىڭغا شەرتسىز بويسۇنۇشنى پەرز قىلغان. تاۋۇس ئىبنى كەيسان[2] ئەسىر نامىزىدىن كېيىن ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى. بىر كۈنى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يۇقىرىقى ئايەتنى دەلىل قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن توسقاندا، كەيسان بۇنى قوبۇل قىلغان. كەيسان ئىبنى ئابباسقا ئەسىردىن كېيىن ناماز ئوقۇشتىن توسۇش ھەققىدىكى ھەدىسنى خەبەر ۋاھىد ھەدىسنى مەن قوبۇل قىلمايمەن دېگەن ئەمەس.

2 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: « بىر كۈنى جامائەت قۇبا مەسجىدىدە بامدات نامىزى ئوقۇۋاتقاندا بىر ئادەم كېلىپ ئۇلارغا: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا قىبلىنىڭ كەئبە تەرەپكە ئۆزگەرگەنلىكى ھەققىدە ئايەت چۈشتى، شۇڭا سىلەرمۇ كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇڭلار» دېدى. جامائەت بۇ گەپنى ئاڭلاپ نامازدا تۇرۇپلا بەيتۇلمۇقەددەس تەرەپتىن كەئبە تەرەپكە يۈزلەندى». ئەنسارلار ئۆزلىرىگە قىبلىنىڭ مەسجىدى ئەقسادىن كەئبىگە ئۆزگەرگەنلىكى توغرۇلۇق خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن ئادەم بىرلا ئادەم بولسىمۇ، خەۋەر ئېلىپ كەلگۈچى ئىشەنچلىك كىشى بولسىلا ئۇنىڭ خەۋىرىنىڭ ھۆججەت بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكتىن، نامازدا تۇرۇپ كەئبە تەرەپكە يۈزلەنگەن. ئەگەر خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەر ھۆججەت بولمايدىغان بولسا ئىدى، ئۇلار كەئبىگە يۈزلەنمىگەن بولاتتى. شۇنىڭدەك، خەبەر ۋاھىد ھەدىس ھۆججەت بولمايدىغان بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ بۇ ئىشىنى ئەيىبلەپ، ئۇلارنىڭ پەرز مەسىلىسىدە خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارغا كايىغان بولاتتى. ئىمام بۇخارى بىلەن ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەتلىكىگە ئەڭ كۈچلۈك دەلىل دەپ كۆرسەتكەن.

3 ـ ساھابىلەرنىڭ خەبەر ۋاھىدنى قوبۇل قىلىپ ئەمەل قىلغانلىقى ئۇنىڭ ھۆججەتلىكىنىڭ ئەڭ كۈچلۈك دەلىلىدۇر. چۈنكى ھېچبىر ساھابىنىڭ خەبەر ۋاھىد ھەدىسنى رەت قىلغانلىقى رىۋايەت قىلىنغان ئەمەس. ئىسلام قانۇنشۇناسلىرى ساھابىلەرنىڭ خەبەر ۋاھىدنىڭ ھۆججەتلىكىگە ئىجما قىلغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇتەۋاتىر دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان[3].

ئىمام شافىئى خەبەر ۋاھىد ھەدىسلەرنىڭ ھۆججەتلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قۇرئان،

---

(1) سۈرە ئەھزاپ 36 ـ ئايەت.

(2) تابىئىن ئۆلىمالىرىدىن بىرى.

(3) Mahaja.com/forum/showthread.php?

ھەدىس ۋە ساھابىلەرنىڭ ھاياتىدىن ئوتتۇزدىن كۆپرەك دەلىل كەلتۈرگەن بولۇپ[1]، ئۇ دەلىللەرنىڭ بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ سۆزىدۇر: «مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ يادلىغان ۋە ئۇنى ئاڭلىغاندەك باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلۇق قىلسۇن، ئۆزى ئالىم بولمىغان بەزى كىشىلەر سۆزۈمنى ئاڭلاپ ئۆزىدىن بىلىملىكرەك كىشىلەرگە يەتكۈزۈشى مۇمكىن، مۇسۇلماننىڭ قەلبى مۇنۇ ئۈچ تۈرلۈك ئىشتا ئۇنىڭغا يالغان ئېيتمايدۇ: ئىلمنى ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ئۆگىنىشتە، مۇسۇلمان ئامىسىغا نەسىھەت قىلىشتا ۋە مۇسۇلمانلار جامائىتىدىن ئايرىلماسلىقتا. چۈنكى ئۇلارنىڭ دۇئاسى ئۇلارنى قورشاپ تۇرىدۇ»[2] بۇ ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ يادلىغان ۋە ئۇنى ئاڭلىغاندەك باشقىلارغا يەتكۈزگەن كىشىنىڭ يۈزىنى ئاللاھ نۇرلۇق قىلسۇن دەپ تەرغىب قىلىش ئارقىلىق خەبەر ۋاھىد ھەدىسنىڭ ھۆججەتلىكىنى كۆرسەتكەن. ئەگەر ئۇ ھۆججەت بولمايدىغان بولسا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ھەدىسلىرىنى يادلاشقا ۋە باشقىلارغا يەتكۈزۈشكە تەرغىب قىلمىغان بولاتتى.

## قايغۇرماق

ئالدىڭىزدا « جېنىم دوستۇم، سېنىڭ ئۈچۈن جېنىم پىدا» دەپ تۇرۇپ، بېشىڭىزغا كۈن كەلگەندە سىزنى ئەرزان پۇلغا سېتىۋېتىدىغان نامەردلەرگە قايغۇرماق.

سىزگە ساداقەت باغلىغان بولۇپ، سىرىڭىزنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئۇنى سىزگە قارشى قورال قىلىۋالغان دۈشمەنگە قايغۇرماق.

ئالدىڭىزدا خوشامەتچىڭىزنى قىلىپ، ئارقىڭىزدا سىزنى سۆكىدىغان ئالا كۆڭۈل دوست ئۈچۈن قايغۇرماق.

سىزدىن ياخشىلىق كۆرۈپ تۇرۇپ يامانلىق قىلىدىغان تۈزكورلار ئۈچۈن قايغۇرماق.

سىزنى دۇنيالىق مەنپەئەت ئۈچۈن ئىككىلەنمەستىن سىزنى سېتىۋېتىدىغان ساتقۇنلارنىڭ بارلىقىدىن قايغۇرماق.

يوقسۇللۇقتىن قۇرۇق نان يەپ كۈنىنى كەچ قىلىدىغانلارنىڭ سېمىزلىكتىن ئۆلۈپ كېتىۋاتقان قوشنىلىرىنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماق.

ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان، نان بەرگەن قولنى چىشلەيدىغان ئىت مىجەز ئىنسانلارنىڭ بارلىقىغا قايغۇرماق.

ـ ئائىز ئەل قەرنى

---

(1) الرسالة للإمام الشافعي صفحة 401.

(2) ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى. ھەدىس نومۇرى: 16800و16784 .

# ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان هۇجۇملار ۋە بىسمىلارغا نەزەر



**ئابدۇلئەهەد ئۇچقۇن**

**قىزىل كرېست ئۇرۇشى**

**11**- ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمى (ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرى) دە، ئىسلام دۇنياسىنىڭ كىچىك دۆلەتلەرگە پارچىلانغان ۋە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ياۋروپادىكى بارلىق چېركاۋلار بىرلىشىپ، مۇسۇلمانلارغا قارشى قوراللىق هۇجۇمغا ئۆتۈش ئارقىلىق، پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىنى ئۆزلىرىگە باش ئەگدۈرمەكچى بولدى. «قىزىل كرېست ئۇرۇشى» نامى بىلەن مەشهۇر بولغان مەزكۇر هۇجۇملار، **1069**- يىلىدىن **1270**- يىللىرىغىچە ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان بولسىمۇ، داۋاملىق مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ۋە ئىسلام دۇنياسىنى قورال كۈچى ئارقىلىق باش ئەگدۈرگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن خىرىستىيان پوپلىرى، ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان قوراللىق هۇجۇملىرىنى پىكرىي جەهەتتىكى هۇجۇملارغا ئۆزگەرتىشنى قارار قىلدى.

ئۇلار ئىسلام دىنىنى تولۇق چۈشەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا هۇجۇم قىلىش ئۈچۈن، قۇرئان كەرىم ۋە هەدىس كىتابلىرىنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلدۇردى، باللىرىنى ئىسلام مەدرىسلىرىدە ئوقۇتۇش ئارقىلىق مۇستەشرىق (يەنى ئىسلامىي ئىلىملەرنى ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئۆگەنگەندىن ئوقۇغۇچىلار)نى تەربىيەلەپ چىقتى، ئۇلار ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنىڭ ساپ ئەقىدە- ئېتىقادىنى بۇرمىلاشقا ئۇرۇندى، قۇرئان كەرىمگە ۋە پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ هەدىسلىرىگە شەك پەيدا قىلىشقا ئۇرۇندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامنىڭ كىملىكىگە، هاياتىغا، ئەخلاق- پەزىلىتىگە، ئىسلام تارىخىغا هەرخىل سەپسەتىلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئارقىلىق هۇجۇم قىلدى. ئىسلامنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي

تۆزۈملىرىنى ئەيىبلەيدۇ. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا، «دىنسىزلىق»(دىنىي دۆلەتتىن ئايرىش)، ئىبادەتنى مەسجىدكە خاسلاشتۇرۇش، غەرب مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىش، تەرەققىياتقا ۋە يېڭىلىققا يۈزلىنىش، خۇراپاتقا قارشى تۇرۇش باھانىسى بىلەن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدىسىگە ۋە قىممەت قاراشلىرىغا قارشى تەشۋىقاتنى كۈچەپ تەشۋىق قىلىش ئارقىلىق، مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان ئەقىدە- ئىخلاسىنى ۋە ئۆزگەرمەس قىممەت قاراشلىرىنى ئاجىزلىتىشقا ئۇرۇنىدۇ. ئۇلارنىڭ پىلانلىق ۋە سىستېمىلىق ئېلىپ بارغان تەتۈر تەشۋىقاتلىرى شۇنچە كۈچلۈك «ئوسمانىيلار ھاكىمىيىتى»نى يىقىتىش يولىدىمۇ چوڭ رول ئوينايدۇ.

**ئوسمانىيلار ۋە بىرىنجى دۇنيا ئۇرۇشى**

1914- يىلىدىن 1918- يىلىغىچە داۋام قىلغان بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى، 1300 يىلدىن بۇيان ئۆز دۈشمەنلىرى ئالدىدا ھەر جەھەتتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كېلىۋاتقان كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك ئىسلام دۇنياسى بىلەن، ئاجىز ۋە چارىسىز ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىغۇچى باسقۇچلۇق ئۇرۇش بولۇپ، مەزكۇر ئۇرۇش نەتىجىسىدە: 600 يىلدىن بۇيان ئىسلام دۇنياسىغا تولۇق ۋەكىللىك قىلىپ كېلىۋاتقان «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» 70 نەچچە دۆلەتكە پارچىلىنىپ- غەرب ئەللىرىنىڭ مۇستەملىكىسىگە ئايلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

ئەسلىدە«ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» ساپ ئەقىدە- ئېتىقاد، ساغلام پىكىر ۋە ساغلام گەۋدە ئۈستىگە قۇرۇلغان، ئۆزىنىڭ ھاكىمىيەت دائىرىسىنى ئۆز قەبىلىسى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ كېڭەيتىشكە باشلىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كىچىك بىر ئەمىرلىكتىن ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپا قاتارلىق ئۈچ قىتئەدە يىگىرمە مىليون كۋادرات كىلومېتىر زېمىننى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۇنيا تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ ئىمپېراتورلۇققا ئايلانغان بىر خەلىپىلىك بولۇپ،1299- يىلىدىن بۇيان ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ ھەرخىل ھىيلە- مىكىرلىرىگە، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن دۈشمەنلىك ھەرىكەتلىرىگە تاقابىل تۇرۇپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا بەزى دۆلەت ئەربابلىرىنىڭ ئىسلام دۈشمەنلىرىنىڭ پىكرىي ھۇجۇمىغا ئۇچرىشى، چىرىكلىشىشى، ھەتتا بەزىسىنىڭ دۈشمەنلەرگە سېتىلىپ كېتىشى نەتىجىسىدە، بۇ دۆلەت ئاجىزلىشىشقا ۋە زاۋاللىققا قاراپ يۈزلىنىدۇ.

سىرتقى دۈشمەنلەرنىڭ تەشەببۇسى بىلەن قۇرۇلغان ۋە ئوسمانىيلارنىڭ ئاخىرقى پادىشاھى «سۇلتان ئابدۇلھەمىد»خانغا بېسىم ئىشلىتىپ ھاكىمىيەتنى ئىگىلىۋالغان «بىرلىك ۋە تەرەققىيات» پارتىيە رەھبەرلىرىدىن ئەنۋەر پاشا، جامال پاشا ۋە تەلئەت پاشا قاتارلىق گېرمان ئەسكەرلىرىنىڭ قولىدا

تەربىيىلىگەن گېنېراللارنىڭ گېرمانلارنىڭ پايدىسىغا ئىشلەپ دۆلەتكە خىيانەت قىلىشى، يەنە بىر تەرەپتىن، گېرمان مەسئۇللىرىنىڭ تۇنىس، لىۋىيە، ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق ئوسمانىيلارنىڭ تەۋەلىكىدىكى زېمىنلەرنى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئىستىلاسى ئاستىدا قالغان تۈركىستان زېمىنلىرىنى ئوسمانىيلارغا قايتۇرۇپ بېرىش ۋەدىسى ئوسمانىيلارنى گېرمانىيە تەرەپتە تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدۇ. ئوسمانىيلارنىڭ قارا دېڭىزدىكى گېرمانىيە كاپىتانلىرى نازارىتى ئاستىدىكى كېمىسىنىڭ رۇسىيە تەۋەلىكىگە ھۇجۇم قىلغانلىقىنى باھانە قىلغان رۇسىيىنىڭ ئوسمانىيلارغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى بىلەن ئوسمانىيلارمۇ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا مەجبۇرىي ھالدا قاتنىشىپ قالدۇ.

1916-يىلى 16-ماي كۈنى ئوسمانىيلارغا تەۋە ئەرەب زېمىنلىرىنى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا بۆلۈشۈش ئۈچۈن تۈزۈلگەن «سايكس-بېكو» ناملىق مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىندۇ. ئەنگلىيەنىڭ خىزمەت ئىشلىشى ۋە پۈتۈن ئەرەب دۆلەتلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇنىڭغا شەرىپ ھۈسەيىننى پادىشاھ قىلىش توغرۇلۇق يالغان ۋەدىلەرنى بېرىشى نەتىجىسىدە، شەرىپ ھۈسەيىن قاتارلىق ئەرەب خىيانەتچىلىرى باشچىلىقىدا ئوسمانىيلارغا قارشى ئىسيانكارلىق ھەرىكىتى باشلىندۇ. 1918-يىلى يۇنانىستاننىڭ لىمۇنۇس ئارىلىدىكى مۇدرۇس پورتىدا «ئوسمانىيلار» دېڭىز ئىشلىرى مىنىستىرى «رەئۇپ ئۇربايبېك» بىلەن ئەنگلىيە دېڭىز ئارمىيە گېنېرالى «سىمرىت ئارتىرگۇپ» ئوتتۇرىسىدا ئىمزالانغان «مۇدرۇس» تىنچلىق كېلىشىمى ئارقىلىق«ئوسمانىيلار» ئۇرۇشتىن چېكىندۇ. 1920-يىل سېپەر دېگەن جايدا بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇپ بولغانلار يىغىنى چاقىرىلىپ، «ئوسمانىيلار» ئىمپېراتۇرلۇقىغا تەۋە زېمىنلىرىنى تۈرك بولمىغان ھاكىمىيەتلەرگە بۆلۈپ بېرىش قارارى ئىمزالىندۇ، 1923-يىلى شىۋىتسارىيەنىڭ لوزان شەھىرىدە تىراكىيا ۋە ئاناتولىيە كېلىشىمى ئىمزالانغاندىن كېيىن، ئوسمانىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقى رەسمىي ئېلان قىلىندۇ. ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئەنگلىيە تەرەپ بىلەن تۈركىيە مەسئۇللىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئاخىرقى سۆھبەت جەريانىدا «مۇستاپا كامال ئاتاتۈرك» رىياسەتچىلىكىدە ھازىرقى«تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى»نىڭ قۇرۇلۇشى ۋە 825 مىڭ كۋادرات كىلومېتىرلىق يەر كۆلىمىنى ساقلاپ قالالىشى ئۈچۈن تۆۋەندىكى تۆت تۈرلۈك شەرتلەر ھەققىدە مەخپىي كېلىشىم ئىمزالىندۇ:

1- يېڭى «تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى»نىڭ ئىسلام دىنى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قەتئىي ئۈزۈش.

2- «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى»نى پۈتۈنلەي ئەمەلدىن قالدۇرۇشى.

3- «ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى» ئائىلە ئەزالىرىنى تۈركىيە تېررىتورىيەسىدىن سۈرگۈن قىلىش.

4 ـ «دىنسىزلىق» ئاساسى ئۈستىگە تۈزۈلگەن يېڭى ئاساس قانۇننى ماقۇللاش.

**ئىسلام دۇنياسىدا دىنسىزلىق ئېقىمىنىڭ ئەۋج ئېلىشى**

«ئوسمانىيلار خەلىپىلىكى»نىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىن يوق قىلىنىشى بىلەن بىر ۋاقىتتا، رۇسىيە، ۋېنگرىيە ۋە ئاۋۇستىرىيە ئېمپىراتورلۇقلىرىمۇ يوق بولدۇ، ئۇلارنىڭ ئورنىغا تۈركىيىدە كامالىستلار، روسىيىدە قىزىل كوممۇنىستلار، گېرمانىيە ۋە ئىتالىيەلەردە پاشىستلار ھاكىمىيەت ئۈستىگە چىقتۇ. پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا بىر تەرەپتىن دىنسىزلىق، يەنە بىر تەرەپتىن كوممۇنىزم ئېقىملىرى كەسكىن ھۆكۈم سۈرۈشكە باشلايدۇ. ئەڭ باشتا قورال كۈچى ئارقىلىق، كېيىنچە ئىختىيارىي ھالدا ئومۇملاشقان ۋە زامانىمىزغا قەدەر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىردىنبىر ئېقىم[1] دىنسىزلىق ئېقىمى بولۇپ، ئۇ تۆۋەندىكى پرىنسىپلار ئۈستىگە قۇرۇلغان:

1 ـ ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ ئەڭ ئەھمىيەت بېرىدىغان بىردىنبىر ئىشى مۇشۇ دۇنيانىڭ ۋە مۇشۇ ھاياتنىڭ ئىشلىرى بولۇشى كېرەك، ئاخىرەت ئۈچۈن ۋاقىت زايە قىلىنماسلىقى كېرەك.

2 ـ ھېچقانداق بىر دىنىي ئېتىقادنىڭ سىياسەت ياكى دۆلەت ئىشلىرى بىلەن ئالاقىسى بولمايدۇ.

3 ـ ھېچقانداق بىر دىنىي ئېتىقاد، ئەدەپ ـ ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيەنىڭ ئاساسى بولالمايدۇ.

4 ـ شەخسلەر ۋە ھۆكۈمەتلەر دىنغا خالىغانچە مۇئامىلە قىلىدۇ، ئەمما دىنىي ئىشلارنى سىياسەتكە ئارىلاشتۇرۇشقا بولمايدۇ.

**ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان پىكرىي ھۇجۇملار**

ئىسلام دۇنياسى بىر تەرەپتىن خىرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلاردىن ئىبارەت ئىككى چوڭ دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىسا، يەنە بىر تەرەپتىن كوممۇنىزىم، دىنسىزلىق، ئىرقچىلىق ۋە مىللەتچىلىك ئېقىملىرىنىڭ ھۇجۇملىرىغا ئۇچرايدۇ. مۇسۇلمان مىللەتلەر ئارىسىغا ھەرتۈرلۈك پىتنە ـ پاسات ئۇرۇقلىرى چېچىلىۋاتقان ئاشۇ يىللاردا، ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا دۈشمەنلىك كۆرسىتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى شۇ زاماندىكى بارلىق ھاكىمىيەتلەر تەرىپىدىن قوللاپ قۇۋۋەتلىنىدۇ. ئۇلار تەرەققىيات، ئالغا ئىلگىرىلەش ۋە كونىلىققا خاتىمە بېرىش شوئارلىرى ئاستىدا ئەركىن ئازادە ھەرىكەت قىلىدۇ. تەرەپ ـ تەرەپتە ئامېرىكا ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ۋە ھەرخىل ياۋرۇپاچە مەكتەپلەر ئېچىلغان بولۇپ، مەزكۇر مەكتەپلەردە غەربلىشىش، دىنسىزلىق، ئەخلاقسىزلىق قاتارلىق بۇزۇق پىكىر، خاتا كۆزقاراشلار ئوچۇق- ئاشكارا تەشۋىق قىلىنىدۇ. يۈزمىڭلارچە مۇسۇلمان ياشلىرىنى بىلىم ئاشۇرىدۇ، دەپ غەرب

(1) بۇ ئېقىم- دىننى دۆلەتتىن ۋە سىياسەتتىن ئايرىش ئېقىمى بولۇپ، بۇ ئېقىم ئىنگلىزچە «سېكۇلارىزىم»، ئەرەبچە «ئىلمانىلىق»، تۈركچە «لايىكلىق» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئەللىرىگە يوللاش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ مېڭىسىنى يۇيۇش ھەرىكىتى، ئەرەب ۋە باشقا مۇسۇلمان ياشلىرىنى ئىسلام دىنىدىن ئۇزاقلاشتۇرۇش ھەرىكىتى قاتارلىق مەخپىي ھەرىكەتلەر قىسقا ۋاقىت ئىچىدە كۆپ ئۈنۈم بېرىدۇ. ئەرەب دۇنياسىدا تاھا ھۈسەيىن، سالامە مۇسا، قاسىم ئەمىن، ئەھمەت لۇتپى ۋە ئىسمائىل مەزھەربىلەرگە ئوخشاش غەربلىششىنى تەرغىب قىلىدىغان يازغۇچىلار، يۈزلەرچە گېزىت، ژۇرناللار ۋە كىتابلار ئارقىلىق ئىنتايىن چوڭ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدۇ.

دىنىي دەرسلەرنىڭ مەزمۇنلىرى باشلانغۇچ مەكتەپتىن باشلاپ ئۆزگەرتىلىپ، دىنىنىڭ ھەقىقىي روھىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان دەرسلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلدۇ، بالىلارنى ئىسلام تەربىيەسى بىلەن تەربىيەلەش خۇراپاتلىق دەيدىغان كۆز قاراشلار ئومۇملاشتۇرۇلدۇ. ئىسلام دىنىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش، تالاقنى رۇخسەت قىلىش، مۇسۇلمانلارنى جىھادقا چاقىرىش بانكا جازانىلىرىنى چەكلەش قاتارلىق ئىسلام پىرىنسىپلىرى قاتتىق ئەيىبلىندۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئارىسىدا ھەركىم ئۆز مىللىتى ۋە ئىرقى بىلەن پەخىرلىنىپ باشقىلارنى چەتكە قېقىش تەشۋىقاتى كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. مەسىلەن: مىسىرلىقلار ئۆزلىرىنىڭ پىرئەۋن ئەۋلادى ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە، ئەرەبلەر ئەرەب مىللەتچىلىكى بىلەن، تۈركلەرنى تۈرك مىللەتچىلىكى بىلەن پەخىرلىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈلدۇ. ئەزھەر بىلىمگاھىدەك كاتتا ئىلىم يۇرتىدىمۇ دىنىي دەرسلەر بىلەن پەننىي دەرسلەرنىڭ بۆلۈملىرى ئايرىلدۇ. ئىسلام دىنى تەشۋىقاتىنىڭ ئورنىنى غەرب مەدەنىيىتى تەشۋىقاتى ئىگىلەيدۇ. مىسىردىكى شەرئىي مەھكىمىلەر ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ياۋروپا مەھكىمىلىرى قۇرۇلدۇ. پۈتۈن مەكتەپلەر ۋە ئاممىۋىي سورۇنلاردا ناخشا، ئۇسسۇل ئومۇملاشتۇرۇلغان بولۇپ، تەرەپ-تەرەپتە ناخشا، ئۇسسۇل مەكتەپلىرى ئېچىلدۇ. مەكتەپلەردە، ھەتتا ئەرەب ئەدەبىياتىدا ئۆلچەملىك ئەرەب ئەدەبىي تىلى ئاساس قىلىنماستىن، كوچا تىلى ئاساس قىلىنىشقا باشلايدۇ. ھەتتا بەزى لىۋان شائىرلىرى ئۆز شېئىرلىرىنى لىۋان شىۋىسىدىكى كوچا تىلىدا يېزىشقا باشلايدۇ. مەكتەپلەردە ئىنگلىزچە، فرانسۇزچە قاتارلىق غەرب تىللىرىغا بولغان قىزىقىش يۇكسىلىدۇ. تۈركىيەدە بولسا تۈرك تىلىدىكى ئەرەبچە سۆزلۈكلەرنى پاكىزلاش ھەرىكىتى باشلىنىدۇ، ھەتتا بىر نەچچە يىلغىچە تۈركىيە مەسجىدلىرىدە ئەزان تۈركچە ئوقۇلىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا، ئۇلار خىرىستىيان دىنى تەشۋىقاتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، بارلىق جايلاردا ھەقسىز داۋالايدىغان دوختۇرخانا سېلىش، تېببىي خادىملارنى ھەرقايسى جايلارغا ھەقسىز داۋالاش بىلەن بىرگە مىسيونېرلىك(خىرىستىيان دىنىنى تارقىتىش) خىزمىتىنى جارىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن يوللاش، تۈرلۈك باھانىلەر بىلەن چوڭ يىغىن ۋە قۇرۇلتايلارنى چاقىرىش، كىتاب، ژۇرنال تارقىتىش قاتارلىق ئىشلىرىنى جانلاندۇردۇ.

## سوغۇق ئۇرۇشلار باسقۇچى

1939 ـ يىلى ئەنگلىيە بىلەن فرانسىيەنىڭ گېرمانىيە ئىتتىپاقداشلىرىغا قارشى ئۇرۇش ئېلان قىلىشى نەتىجىسىدە، 32 دۆلەت ئوتتۇرىسىدا ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشى پارتلايدۇ. 1945 ـ يىلىغىچە داۋام قىلغان، ئىككى تەرەپتىن تەخمىنەن 80 مىليون كىشىنىڭ ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولغان، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ چوڭ قىرغىنچىلىق ھېسابلىنىدىغان بۇ ئۇرۇش، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بېرلىننى ئىشغال قىلىشى، ئامېرىكىنىڭ ياپونىيەگە ئارقا - ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئاتوم بومبىسى تاشلىشى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئامېرىكا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقى دۇنيادىكى پەۋقۇلئاددە ئىككى كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئامېرىكا تەرەپدارلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈشكە ئالدىرىسا، يەنە بەزىلىرى سوۋېت ئىتتىپاقى بىلەن يېقىنلىشىشقا ئالدىرايدۇ.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن كېيىن ئامېرىكا ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئارىسىدا سوغۇق ئۇرۇشلار باشلانغان بولۇپ، ئەڭ باشتا ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، كېيىنچە ياۋروپا تېرروتورىيەسىدىن ھالقىپ، دۇنيانىڭ ھەر تەرەپلىرىگە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلايدۇ. مەسىلەن: ئامېرىكا، غەربىي ياۋروپا ۋە ئوتتۇراشەرق رايونلىرىدا كوممۇنىزمغا قارشى ئۆزى بىلەن بىرسەپتە تۇرمىغان دۆلەتلەرنى بېسىم ئاستىغا ئېلىش تاكتىكىسى قوللىنىدۇ، سوۋېت ئىتتىپاقى، شەرقىي ياۋروپا، لاتىن ئامېرىكىسى ۋە بەزى ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى كوممۇنىزم رېجىملىرىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ.

1981 ـ يىلىدىن 1989 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئامېرىكا سوۋېت ئىتتىپاقىغا سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە ئەسكىرىي بېسىملىرىنى كۈچەيتىشى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېڭى رەئىسى مىخائىل گورباچوۋنىڭ سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئېلىپ بارغان سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىسلاھاتلىرى نەتىجىسىدە، 1991 ـ يىلى سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ، دۇنيادىكى قىزىل كوممۇنىستلارنىڭ ئاساسلىق كۈچى يوق بولغان ۋە ئامېرىكا دۇنيادىكى يېگانە كۈچ بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن، بارلىق تەھدىتلەر ۋە ھۇجۇملار غەرب ئەللىرى بىلەن قارشىلىشىش ئېھتىمالى بولغان ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلىشقا باشلايدۇ.

## ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان يېڭى بېسىملار

گەرچە 1992 ـ يىلىدىن ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان ھۇجۇملارنىڭ تۈرلىرى ۋە بېسىملار كۆپەيگەن بولسىمۇ، مەزكۇر ھۇجۇملار مەخپىي ئېلىپ بېرىلاتتى. 2001 ـ يىلى 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئىسلام دۇنياسىغا قارىتىلغان ھۇجۇملار ئۇچۇق ـ ئاشكارا قىلىنىدىغان ۋە پۈتۈن دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنى تېررورچى دەپ قارايدىغان بىر ئەھۋال پەيدا بولدى. خۇلاسە قىلىپ ئېيتقاندا؛ 11 ـ سېنتەبىر ۋەقەسى ئارقىلىق ئىسلام دۇنياسىدا قايتىدىن باش كۆتۈرۈش ئېھتىمالى بولغان ئىسلامىي ئويغىنىش

ھەربىكتى ئالدىن ئۆجۈقتۇرلۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا بارلىققا كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىسلامىي بىرلىكنىڭ يولى تاقالغان بولدى. چۈنكى ھازىرقى زاماندا غەرب ئەللىرى ئۈچۈن تەھدىت بولالايدىغان، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىدە مۇكەممەل قانۇن تۈزۈملەرگە ئىگە بىرلا كۈچ ئىسلام دۇنياسىدىكى ھەقىقىي بىرلىكنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن تۇغۇلىدىغان كۈچ بولۇپ، ئىسلام خەلىپىلىكى قايتىدىن تىكلەنمىگەن تەقدىردىمۇ، ئىسلام دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇرالايدىغان خەتەرلىك بىر كۈچنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا، ئەسىرلەردىن بېرى مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا مۇھىم رول ئويناپ كېلىۋاتقان ئىسلامىي بىرلىكنى پارچىلاش، ئىسلام دۇنياسىنى ئىرقچىلىق، مىللەتچىلىك، مەزھەپچىلىك ۋە باشقا سان- ساناقسىز بۆلۈنۈشلەرنىڭ ئىچىگە سۆرەپ ئەكىرىش ئۈچۈن، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇپ بىرىش تاكتىكىسى قايتىدىن جانلاندۇرۇلدى.

جورج دابلىيۇ بۇش زامانىدىكى ئامېرىكا ئۇرۇش مىنىستىرى دونالد رامسفېلد 2003- يىلى 27- مارت كۈنىدىكى ۋاشىنگتون پوست گېزىتىگە بەرگەن دوكلاتىدا مۇخبىرلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دەيدۇ: « بىز قوراللىق ئۇرۇش بىلەن بىرگە پىكرىي ئۇرۇشمۇ ئېلىپ بارىمىز، بولۇپمۇ ئوتتۇراشەرق رايونلىرىدا قورال كۈچى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرمەكچى بولغان مەقسەت- مۇددىئالىرىمىزغا پىكرىي ئۇرۇشى ئارقىلىق يېتىشكە تىرىشىمىز، ھاجەت بولغاندىلا قورال كۈچىگە تايىنىمىز. چۈنكى پىكرىي ئۇرۇشنىڭ غايىسى قارشى تەرەپنىڭ كۆزقارىشىنى ئىچىدىن ئۆزگەرتىش ھەمدە ئۇلارنى ئۆز قولى بىلەن ئۆزىنى ئۆزگەرتىش بولۇپ، بىز بۇ ھەقتە كۆپ قېتىم غەلىبە قىلدۇق. مانا بۇلار ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرب ئەللىرىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا قاراتقان سىياسىتىنىڭ ھەقىقىي يۈزى بولۇپ، يېقىندىن بۇيان ئۇلار ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قىممەت قاراشلىرىنى ئۆزگەرتىپ«يۇمشاق ئىسلام نەزەرىيىسى» ئىجاد قىلىشقا تىرىشىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىجاد قىلماقچى بولغان «يۇمشاق ئىسلام نەزەرىيىسى» سىياسەت ۋە دۆلەت ئىشلىرىدىن ئۇزاق، ئىسلامىي بىرلىكنى تونۇمايدىغان، ئىسلامىي جىھادنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، دىنىي ھۆكۈملەرنى قوبۇل قىلمايدىغان، باشقا دىندىكىلەر بىلەن كېلىشىش ۋە بىر- بىرىگە يول قويۇش ئارقىلىق تىنچلىق ئىچىدە ياشىيالايدىغان، يېڭى بىر ئىسلام نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت بولۇپ، نەچچە ئون يىلدىن بۇيان دىنلار ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ، مەدەنىيەتلەر ئوتتۇرىسىدا دىيالوگ ۋە باشقا ھەر خىل دىيالوگلارنىڭ غايىسىمۇ ئەنە ئاشۇ بىرلا مەقسەت ئۈچۈن ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان بولماقتا. تۈركىيەدىكى پەتھۇللاھ گۈلەن جامائىتىنىڭ بۇ ھەقتە ئوينىغان رولى ۋە ئىسلام دۈشمەنلىرى ئۈچۈن كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، كېلەركى ساندا ئۇنىڭ تەپسىلاتى ھەققىدە توختىلىمىز.



# ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى باشقىلارغا بېرىش

دوكتور ئابدۇلئەزىز رەھمەتۇللا

سوئال: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم.

ياۋروپادا تۇرۇۋاتقان بىر يېقىنىم بار ئىدى. يېقىندا ئۇ ھۆكۈمەت تەرەپتىن ئۆلگەندىن كېيىن ئىچكى ئەزالىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىش مەزمۇنىدىكى مۇراجىئەتنامە شەكلىدىكى توختام نامىنى تاپشۇرۇپ ئاپتۇ. ئەگەر بۇ مۇراجىئەتنامىغا قول قويسا ئۆلگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرى لازىم كىشىلەرگە يۆتكىلىپ ئىشلىتىلىدىكەن. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىرەر ئەزاسىدىن چاتاق چىقسا ھەقسىز ئەزاغا ئېرىشەلەيدىكەن، ئەگەر قول قويۇشنى رەت قىلسا بۇنداق ئىمتىيازغا ئېرىشەلمەيدىكەن. دىنىمىز بۇنىڭغا قانداق قارايدۇ، جائىزمۇ؟

جاۋاب: ۋە ئەلەيكۇم ئەسسالام ۋە رەھمەتۇللاھى ۋە بەرەكاتۇھۇ:

بارلىق ھەمدۇسانا جانابى ئاللاھقا بولسۇن، شۇنداقلا پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ئۇنىڭغا تاكى قىيامەتكىچە ئەگەشكەنلەرگە دۇرۇت ـ سالاملار بولسۇن.

جانابى ئاللاھنىڭ: «شەك ـ شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم بالىلىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق»[1] دېگەن ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك مۇسۇلماننىڭ ھايات ۋاقتىدىكى ئىززەت ـ ھۆرمىتى، ھەق ـ ھوقۇقى ۋاپاتىدىن كېيىنمۇ داۋاملىشىدۇ. بىر ھەدىستە «سۆڭەك ـ ئۇستىخانلىرىنى مېيىت ھالىتىدە

(1) ئىسرا سۈرىسى 70 ـ ئايەت.

چېقىش، ھايات ۋاقتىدا چاققانغا باراۋەر» دەپ كەلگەن.[1]

بۇ ھەدىسكە ئاساسەن ئەللامە ئەبۇئەئلا مەۋدۇدىي، مۇھەممەد مۇتەۋەللى شەئراۋى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى باز قاتارلىق بەزى ئۆلىمالارنىڭ قارىشىچە، بىراۋ ئۆزى ۋاپات بولغاندىن كېيىن بىرەر ئەزايىنى ئېھتىياجلىق بولغانلارغا بېرىۋېتىشنى ۋەسىيەت قىلسا، بۇ ۋەسىيەتكە ئەمەل قىلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇنداق قىلىش ئىنساننى خارلىغانلىق ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى دەپسەندە قىلغانلىق بولۇپ سانىلىدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ بىرەر ئەزاسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىشكە ۋەسىيەت قىلسا بولمىغاندەك، ۋارىسلارنىڭمۇ ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى بېرىۋېتىش ھەققى يوقتۇر.[2]

ئەمما ئەللامە يۇسۇپ ئەل قەرداۋى قاتارلىق كۆپ سانلىق ئۆلىمالار ۋە ئىسلام دۇنياسىدىكى كۆپلىگەن پەتىۋا كومىتېتلىرى: (كىمكى بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزسا، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزغاندەك بولىدۇ)[3] دېگەن ئايەتنىڭ روھىغا ئاساسەن ئىنسان ھاياتىنى قوغداش ۋە ئۇنى ئاسراش شەرىئەتنىڭ ئالىي مەقسەتلىرىدىن بىرى بولغاچقا، شەرىئەت بېكىتكەن شەرتلەر تېپىلغان ئەھۋالدا زىيانىنىڭ يەڭگىلرەكىنى تاللاش قائىدىسى بويىچە بىرەر ئىنساننى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن مېيىتنىڭ ئەزالىرىنى يۆتكەشنى جائىز دەپ قارىغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىرسىيەتكە ئالاقىدار ياكى نەسەب ئارىلىشىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئەھۋاللاردا ئىچ بۆرەك ۋە ئۇرۇقدانغا ئوخشىغان بەزىبىر ئەزالارنى باشقىلارغا يۆتكەشنى جائىز ئەمەس دەپ قارايدۇ.[4]

سەئۇدى ئەرەبىستان «كاتتا ئۆلىمالار ھەيئىتى» 99-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدىمۇ بۇنى جائىز دەپ قارىغان.

بۇنىڭغا ئاساسەن بىر كىشى ھايات ۋاقتىدا ئۆزى بىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئەزاسىنى ئۆزى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن باشقىلارغا بېرىشنى ۋەسىيەت قىلغان ئەھۋالدا مېيىتنىڭ

---

(1) ئەبۇ داۋۇد 3207-ھەدىس. سەھىھ. خلاصة الأحكام 1035/2 «الإروا» 763.

(2) استخدام أعضاء الإنسان في جسم غيره من الإنسان، والأخطار الناشئة عنه بحث للشيخ أبي الأعلى المودودي. مجلة البعث الإسلامي ص/ 53-55. العدد/2 المجلد/32 لعام 1407هـ.بحث للشيخ محمد متولي الشعراوي. مجلة اللواء الإسلامي. العدد / 226. عام 1407 هـ.فتوى الشيخ ابن باز في مجلة «المجلة» عدد رقم 806 عام 1416هـ.

(3) "مائىدە" سۈرىسى 32-ئايەت.

(4) قراررقم 26 لمجمع الفقه الإسلامي في دورة مؤتمره الرابع بجدة جمادي الآخرة 1408 هـ، قرار المجمع الفقهي لرابطة العالم الإسلامي في دورته الثامنة في مكة المكرمة جمادى الأولى 1405هـ . حكم التبرع بالأعضاء–برنامجالشريعة والحياة–الشيخ القرضاوي.

ئەزالىرىنى يەنە بىر ئىنساننىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن يۆتكەشكە بولىدۇ.

ئەمما، بەرگەن ئەزا بەدىلىگە ئۆزگە ياكى مىراسخورلىرىغا بىرەر بەدەل ياكى تۆلەم ئالغان ياكى بىرەر مەنپەئەت شەرت قىلغان تەقدىردە ئالىملارنىڭ بىردەك ئىجماسى بىلەن بۇ ئىش جائىز بولمايدۇ. چۈنكى بۇنداق قىلىش ئەزانى سودىلىشىش ۋە ئەزا سېتىش قاتارلىق قىلمىشلارغا سەۋەب بولىدۇ. ئىنساننىڭ تېنى ماشىنا سايمانلىرىدەك ئېلىم-سېتىم ۋە تىجارەت ئوبيېكتى قاتارىدىكى شەخسىي مۈلۈك ياكى تاۋار بولمىغاچقا، ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭ قېنىنى ياكى بىرەر ئەزاسىنى سېتىشى، بىر نەرسىگە تېگىشىۋېتىشىمۇ دۇرۇس بولمايدۇ.[(1)]

«ئىسلام فىقھى ئاكادېمىيىسى» 1988-يىلى 4-قۇرۇلتىيىدا ئېلان قىلغان 26-نومۇرلۇق پەتىۋاسىدا مۇنداق دەپ كەلگەن: «تىرىك ئىنساننىڭ ھاياتىغا ياكى ئۇنىڭ بەدىنىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلەرگە قاراشلىق بولۇپ قالغان بىرەر ئەزاسىنى مېيىتتىن ئېلىپ تىرىك ئادەمگە يۆتكەشتە، ناۋادا مېيىتنىڭ ئۆزى ھايات ۋاقتىدا رۇخسەت قىلغان بولسا ياكى ۋاپاتىدىن كېيىن ۋارىسلىرى رۇخسەت قىلغان بولسا ۋە ياكى ئەزاسى ئېلىنماقچى بولغان مېيىت كىملىكى نامەلۇم ياكى ئىگە-چاقىسىز كىشى بولۇپ، ئۇنىڭ ئىشىغا ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان مۇسۇلمان ئىش باشقۇرغۇچى رۇخسەت بەرگەن بولسا، بۇخىل ئوپېراتسىيە جائىز بولىدۇ».

بۇ پەتىۋادا يەنە مۇنداق تەكىتلەنگەن: «شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، يۇقىرىقى «ئەزا كۆچۈرۈش» نى جائىز دېيىشتە بىرلىككە كېلىنگەن ئەھۋاللار ئۈچۈن شۇنداق بەلگىلىمە شەرت قىلىنغانكى، بۇنداق بىر ئىشتا ئاشۇ ئەزانى سېتىش ھادىسىسى يۈز بەرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىنسان ئەزالىرىنى سودا ئوبيېكتى قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ».[(2)]

يۇقىرىقى بايانلارغا ئاساسەن، مەزكۇر توختام جائىز ئەمەستۇر. چۈنكى ئۇ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرەر ئەزاسىنى مەلۇم بىر پايدا كۆزدە تۇتۇلغان ھالدا بېرىشكە كېلىشكەن، يەنە كېلىپ بۇ تاپشۇرۇپ ئېلىش-ئالماسلىقى ئېنىق بولمىغان بىر كېلىشىم ھەممىدە بۇخىل توختام ئىنسان ئەزاسىنى تاۋار ئورنىدا سېتىشقا سەۋەب بولىدۇ.

---

((1)) "قضايا فقهية معاصرة" جامعة الأزهر كلية الشريعة والقانون 430/1.

((2)) قرار رقم 26 لمجمع الفقه الإسلامي.

# كۇچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە ئۇنىڭدا ئوقۇغان مەشھۇر زاتلار

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد



كۇچا رايونىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ئىسلاملاشقانلىقى ھەققىدە تارىخچىلار تەرىپىدىن بىرلىككە كەلگەن بىر كۆز قاراش يوق. گەرچە بىر قىسىم تارىخچىلار كۇچا رايونىنى 10-ئەسىرلەردە قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان دەپ قارىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ تارىختىن بۇيان ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بۇددا دىنىنى ساقلاپ قېلىش ئاساسىدا قاراخانىيلار دۆلىتىگە تەۋە بولغان دەپ قارايدۇ. تارىخچى تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار» دېگەن كىتابىدا «سوتۇق بۇغراخان ئاۋۋال خوتەن ۋە كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلىدى. بۇ ئىككى خانلىقتىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئۇنىڭغا ئىلاجسىزلىقتىن بويسۇنغان بولسىمۇ، يەنىلا مۇسۇلمان بولمىدى، بۇرۇنقى بۇددا ئېتىقادىدا قالدى.»[1] دەپ يازىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ كۇچادىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئىسلام دىنىنى شەرققە كېڭەيتىشىدىكى بىر توسالغۇ بولۇپ، كۇچا رايونى ئىسلام دىنىنى ئاساس قىلغان قاراخانىيلار دۆلىتى بىلەن بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئارىسىدىكى بىر پاسىلغا ئايلانغانىدى. «ئەينى ۋاقىتتا

---

(1) «ئۇيغۇرلار»، 515 ـ بەت.

ئىسلام دىنى تەدرىجىي ھالدا قەشقەر، خوتەن، چەرچەن ۋە ئاقسۇغا كېڭەيگەندىن كېيىن، ئۇزۇنغىچە ئاقسۇ بىلەن كۇچا ئارىلىقىدا توختاپ قېلىپ، شەرققە تارقىلىشى بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچۇرغان.»[1] بۇ ئەھۋال تاكى قاراخانىيلار دۆلىتى مۇنقەرز بولۇپ، قىتانلار قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ پۈتۈن جۇغراپىيىسىگە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچە بولغان ۋاقىتقىچە داۋاملاشتى. گەرچە قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە كۇچادىكى مۇسۇلمان بولغان بىر قىسىم ئۇيغۇرلار خىزىرىبېك ئىسىملىك بىر باتۇرنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇددىست ئۇيغۇرلارغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئىچ - ئىچىدىن زىددىيەت قاينىمىغا پېتىپ قالغان قاراخانىيلار دۆلىتى ئۇلارغا يېتەرلىك دەرىجىدە ياردەمدە بولالمىغاچقا، كۇچا رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىشى يەنىلا ئەمەلگە ئاشمىغان.

1218- يىلى چىڭگىزخاننىڭ مۇڭغۇل ئەسكەرلىرى قىتانلارنى يوقىتىپ، قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە كۇچالارنى ئالغاندىن كېيىن بۇ رايونلاردا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكىنى يولغا قويغان. يەنە بىر تەرەپتىن بۇ مەزگىلدە بۇددا دىنىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ھېسابلانغان كۇچادا بۇددا دىنى ئەسلىدىكى گۈللەنگەن دەۋردىن بارا - بارا خارابلىشىش دەۋرىگە قەدەم قويغانىدى. «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرى» دېگەن كىتابتا شەيخ نىزامىدىن دېھلەۋى ئىسىملىك ھىندىستانلىق بىر ئادەمنىڭ مىلادىيە 1267- يىللىرى ئەتراپىدا كۇچاغا كېلىپ ئىسلامنى تارقاتقانلىقىنى تىلغا ئالغان بولۇپ، ئۇ ئادەم كۇچا ئىشخلا يېزىسىغا خانىقا سالدۇرۇپ، دەۋەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ ئەينى دەۋردىكى مۇڭغۇل ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھىمايىسىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنى كۇچا رايونىدا يەنىلا بۇددا دىنىنىڭ ئۈستىدىن تەلتۆكۈس غالىب كېلەلمىگەن. كۇچا رايونىنىڭ پۈتۈنلەي ئىسلاملىشىشى يەنىلا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشقان.

---

(1)«شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، 260 ـ بەت.

تۇغلۇق تۆمۈرخان 1354-يىلى مەۋلانا ئەرشىدىننىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىسلام دىنىغا كىرگەندىن كېيىن، ئۆزى ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان پۈتۈن تېررىتورىيىدىكى خەلقلەرنى، جۈملىدىن 160 مىڭ مۇڭغۇلنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن. مەۋلانا ئەرشىدىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ھىمايىسى بىلەن كۇچاغا كېلىپ، كۆپلەپ خانىقا، مەسجىت سېلىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلىش بىلەن بىرگە، مەدرىسەلەرنى ئېچىپ، ئىسلام مائارىپىنى يولغا قويغان. شۇنىڭدىن كېيىن كۇچا رايونىدا بەس - بەس بىلەن مەدرىسەلەر ئېچىلىشقا باشلىغان.

كۇچا رايونىدا تۇنجى مەدرىسىنىڭ قاچان قۇرۇلغانلىقى ھەققىدە ئېنىق تارىخىي مەلۇمات يوق. ئەمما تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئىسلام دەۋىتىدىن كېيىن كۇچادىكى ھەرقايسى شەھەر، يېزا، بازار، مەھەللىلەردە كۆپلەپ مەدرىسەلەرنىڭ قۇرۇلغانلىقى مەلۇم. ساقساق مەدرىسىسى، كۆك مەدرىسىسى، ساقىيە مەدرىسىسى ۋە مەۋلانام مەدرىسىسى شۇ دەۋردىن كېيىن كۇچادا قۇرۇلغان مەدرىسەلەر ئىچىدىكى بىر قەدەر نامى بار مەدرىسەلەر بولۇپ، بىر قىسىم تالانت ئىگىلىرىنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. بولۇپمۇ ساقساق مەدرىسىسى قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىدىن قالسىلا جەنۇبتىكى شەھەر، يېزا، بازارلاردا ئاتىغى بار مەدرىس بولۇپ، بىر قىسىم مەشھۇر شەخسلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدىكى تۇنجى بىلىم بۇلىقى بولغان.

ساقساق مەدرىسىسى كۇچا كونا شەھەردىكى ساقساق مەھەللىسىگە جايلاشقانلىقى ئۈچۈن تارىختا ساقساق مەدرىسىسى دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان. ساقساق مەدرىسىسى تەخمىنەن مىلادىيە 1658- يىللىرى ئەتراپىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ زامانلاردا بۇخارالىق دىنىي ئۆلىما ئەينىدىن ئىبنى جالالىدىننىڭ مۇدەررىسلىك قىلغانلىقى مەلۇم. ساقساق مەدرىسىدە يالغۇز كۇچادىكى تالىپلارلا ئوقۇغان بولماستىن يەنە باي، شايا، توقسۇ، ئاقسۇ، بۈگۈر، كورلا، غۇلجىلاردىنمۇ تالىپلار كېلىپ ئوقۇغان. ساقساق مەدرىسىسى «ھىجرىيە 1126- يىلى (مىلادىيە 1726- يىللىرى) كۇچالىق مەشھۇر كۆز دوختۇرى مۇھەممەت ئىبنى شەرىپ ھاجىم تەرىپىدىن بىر قېتىم

يېڭىلانغان.[1] مىلادىيە 1794- يىلى مەرىپەتپەرۋەر زات قۇتلۇق ھاجىم تەرىپىدىن قايتا سېلىنغان. 1881- يىلى كۇچانىڭ چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىنانچى بېگى مىرزا ئەھمەتبەگ مەدرىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى قايتىدىن كېڭەيتىپ قۇرۇپ، دەرسخانىلار سانىنى كۆپەيتكەن ۋە ئەتراپىغا دەرەخ تىكىپ، كۆكەرتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارغان. ساقساق مەدرىسىسى ھەرقايسى دەۋرلەردە ئىبراھىم قۇزات، ناسىر ھاجىم، سادىق ھاجىمدەك مەرىپەتپەرۋەر، سودىگەر ۋە ئىلىم سۆيەر دىنىي ئۆلىمالارنىڭ ياردىمىدە تاكى 1950- يىلغىچە ئۆزىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. 1956- يىلى ساقساق مەدرىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مۇدەررىسى، داڭلىق ئۆلىما مۇسەيىپ داموللا ھاجىم ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەدرىس پۈتۈنلەي تاقالغان. كېيىن ساقساق مەدرىسىسى كۇچا بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ قارمىقىغا ئۆتكۈزۈۋېلىنىپ، ياغاچچىلىق كارخانىسى، مېھمانخانا، سودا دۇكانلىرى قىلىپ ئۆزگەرتىۋەتكەن. شۇنىڭ بىلەن مەدرىسىنىڭ ئىچكەركى، تاشقارقى ھويلىلىق، ئىككى قەۋەتلىك، 46 ھۇجرىلىق بىناسى پۈتۈنلەي ئومۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ، تارىخ سەھنىسىدىن غايىپ بولغان. ئۇنىڭ پەقەت ئەينى يىللىرى ساقساق ئۆستەڭ بويىغا ھۆسن قوشۇپ تۇرغان دەرەخلىرىلا يالداما بولۇپ قالغان.

تارىخي ماتىرىياللارغا كۆرە، ساقساق مەدرىسىسىگە «ئەينىدىن ئىبنى جالالىدىن، ئابدۇغۇپۇر ئەلەم ئاخۇنۇم، ئىسمائىل داموللا ھاجىم، ئىمىن داموللا ھاجىم، خىزىر ئەلەم ئاخۇنۇم، بارات داموللا ھاجىم، ئابدۇل ۋاھاپ خەلىپىتىم، ئىسلام ئەلەم ئاخۇنۇم، بائىز داموللا ھاجىم، شەمشىدىن داموللا ھاجىم، قۇددۇس داموللا ھاجىم، نىزامىدىن خەلىپىتىم، موللا قۇتلۇق ھاجىم، ئوسمان ئەلەم ئاخۇنۇم، ھاشىم قازى ھاجىم، مۇسەيىپ داموللا ھاجىم قاتارلىق 16 نەپەر ئۆلىما مۇدەررىسلىك قىلغان.»[2]

كۇچا ساقساق مەدرىسىنىڭ يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان، ئۆز دەۋرلىرىنىڭ كاتتا بىلىم ئىگىلىرى ھېسابلانغان

(1)كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى 6، 54-بەت

(2)«كۇچا تارىخي ماتېرىياللىرى» 6، 55ـ بەت.

ئۇستاز ۋە مۇدەررىسلىرى ئۆزلىرى مەنسۇپ بولغان دەۋرلەرنىڭ بىر تۈركۈم ياش تالانت ئىگىلىرىنى، بىلىم ئاشنالىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىققان، ئۇلار كېيىن جەمئىيەتتە مەشھۇر ئۆلىما، پىشقان تارىخچى، تونۇلغان شائىر ۋە داڭلىق ئەربابلار بولۇپ خىزمەت قىلغان. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە كۆرسىتىپ ئۆتۈش ساقساق مەدرىسىسىنىڭ تارىختا قالدۇرغان شانلىق ئىزلىرىغا ئالتۇندەك ھەل بولغۇسى.

**1- موللا مۇسا سايرامى**

يەنى موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامى. ئۇ 1836-يىلى، 8- ئاينىڭ، 23-كۈنى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخى تەتقىقاتچىسى ۋە تونۇلغان شائىردۇر. موللا مۇسا سايرامى 11 يېشىدا يەنى 1847-يىلى، 9- ئايدا كۇچاغا كېلىپ، «ئەينى زاماندا جەنۇبىي تيانشان رايونى بويىچە مەشھۇر بولغان ساقساق مەدرىسىسىدە ئوقۇغان.»[1] ساقساق مەدرىسىسىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاساسلىق مۇدەررىسى موللا ئوسمان ئاخۇن خەلپەت دېگەن زات بولۇپ، ئۇ ئۆز دەۋرىنىڭ تونۇلغان ئالىمى، يېتىلگەن دىنىي ئۆلىماسى ئىدى، جەمئىيەتتە ئوسمان ئەلەم ئاخۇنۇم دېگەن نام بىلەن ھۆرمەتكە سازاۋەر ئىدى. موللا مۇسا سايرامى ساقساق مەدرىسىسىدە قۇرئان، ھەدىس، تارىخ، ئەدەبىيات، ئىلمى كالىندار، ئىلمى نۇجۇم، جۇغراپىيە، ئەرەب ۋە پارس تىللىرى بويىچە تەربىيىلىنىپ، خەلق ئارىسىدا ناھايىتى تېزلا «موللا مۇسا»، «بالا موللا» دېگەن ناملار بىلەن شۆھرەت قازىنىدۇ. موللا مۇسا سايرامى 1854- يىلى يەنى 18 يېشىدا ساقساق مەدرىسىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ، سايرام مەدرىسىسىگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى ياشىغان ۋاقىت جاھاننىڭ تىنچسىز دەۋرلىرى بولۇپ، ئۇ دەسلەپتە 1864- يىلى كۇچادا چىڭ ھاكىمىيىتىگە قارشى قوزغالغان كۇچا قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ تەركىبىدە ئاقسۇ ۋە قەشقەرگە يۈرۈش قىلغان قوشۇندا موھەررىچى ۋە ئىشكئاغىسى بولۇپ ئىشلەيدۇ. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن

(1)تارىخى ھەمىدى، 5-بەت

كېيىن، بەدۆلەت ئەسكەرلىرىگە ئەسىرگە چۈشۈپ، بەدۆلەت قوشۇنىدا مەخسۇس مىرزا بولۇپ ئىشلەيدۇ. بەدۆلەت قۇرغان «يەتتە شەھەر» دۆلىتى مۇنقەرز بولغاندىن كېيىن جاھان كېزىپ، ئۆزى شاھىد بولغان تارىخىي ۋەقەلەر ھەققىدە ماتېرىيال توپلايدۇ. 1917- يىلى، 4- ئايدا 81 يېشىدا ئاقسۇدىن بايغا كېلىپ، ئۆز يۇرتى سايرامدا بۇ دۇنيا بىلەن مەڭگۈلۈك ۋىدالىشىدۇ.

موللا مۇسا سايرامى ھاياتىدا بىرمۇنچە تارىخىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە مەشھۇر بولغانلىرى «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «دەربايان ئەسھابۇلكەھف»، «تارىخىي ئەمنىيە»، «دىۋان مەسنەۋىي»، «تارىخىي ھەمىدىي»، «سالامنامە» قاتارلىقلاردۇر. ئۇنىڭ يەنە «تەزكىرەتى خوجا ئافاق»، «پەرھاد ـ شېرىن» قاتارلىق بىر قىسىم ئەسەرلەرنى يازغانلىقى مەلۇم. بۇنىڭدىن سىرت ئۇنىڭ بىر قىسىم پارسچە يازغان شېئىرلىرىمۇ ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردا ساقلانماقتا.

موللا مۇسا سايرامى يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۈيۈك شەخسلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان قىممەتلىك ئەسەرلىرى ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتتى.

2- شائىر نىمشېھىت ئارمىيە ئېلى سايرامى. ئۇ 1906- يىلى باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، 1922- يىلدىن 1928- يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا، دەسلەپتە بايدا، كېيىن كۇچا ساقساق مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. ئۇ كۇچا ساقساق مەدرىسىسىدە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا قوشاق شەكلىدىكى تۇنجى شېئىرلار توپلىمى «بازار ۋە مازار»نى يېزىپ تاماملىغان. بۇ توپلام ساۋاقداشلىرىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشىپ، قول يازما ھالەتتە جەمئىيەتكە تارقالغان. 1930- يىلى قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىگە كىرىپ ئوقۇغان. ئۇ خانلىق مەدرىسىتە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە «مادارا ئەزەم» نامىدىكى شېئىرلار توپلىمىنى يېزىپ پۈتتۈرگەن. 1933- يىلى قەشقەردە قوزغالغان خەلق قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ ئېغىر يارىلىنىپ، ھاياتىدىن ئايرىلغىلى تاس قالغان. ئۇ قەشقەردىكى

شۋېتسىيە مىسسىئونېرلىرى ئاچقان دوختۇرخانىدا داۋالىنىپ چىققاندىن كېيىن، ئۆزىگە «نىمشېھىت» (يېرىم جان) دېگەن نامنى قوللانغان. نىمشېھىت 1936-يىلدىن 1945- يىلىنىڭ بېشىغىچە «ئاقسۇ گېزىتى»دە تەھرىر بولۇپ ئىشلىگەن. 1945- يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاقسۇغا چۈشكەن مىللىي ئارمىيىگە ئەگىشىپ غۇلجىغا بارغان. ئۇ غۇلجىدا مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا ئىشلىگەن. 1948-يىلى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا مۇھەررىر بولغان. 1950- يىلى ئۆز يۇرتى بايغا قايتىپ كەلگەن. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتقان شائىر 1971-يىلى، 8- ئاينىڭ 24- كۈنى ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان.

نىمشېھىت «بىلىم ئىشقىدا»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ھەپسىدە كەتكەن دوستۇم لۇتپۇللا مۇتەللىپكە»، «ئالدىدا»، «ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە»، «ئويغان»، «پېقىرنىڭ ئىقرارى» قاتارلىق بىر تۈركۈم نادىر شېئىرلارنى، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ناملىق داستانىنى يازغان.

3- ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم.

ئۇ 1886- يىلى شايار ناھىيىسىنىڭ قايىلور يېزىسىدا تۇغۇلغان بولۇپ، تەخمىنەن 1892 - يىلىدىن 1898 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا كۇچا ساقساق مەدرىسىسىدە ئوقۇغان. 1899- يىلى دىنىي مەلۇماتى كامىل، قارىلىقتىن ئۆتكەن ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم قايىلور يېزىسىدىكى دۈشەنبە بازار مەسجىتىگە كىچىك تۇرۇپلا ئىمام بولغان. 1903- يىلى قەشقەرگە بېرىپ خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1908- يىلى يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ، سودا ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. 1913- يىلى ھەج سەپىرىگە ئاتلىنىپ، 1916- يىلى ھاجى بولۇپ قايتىپ كەلگەن. 1919- يىلى ئەينى دەۋردىكى ياڭزېڭشىڭ ھۆكۈمىتى تۇتۇش بۇيرۇقى چىقارغاندىن كېيىن، روسىيىگە چىقىپ كەتكەن. 1927- يىلى شاياغا قايتىپ كېلىپ، ئەينى چاغدىكى مۇستەبىت ھۆكۈمەتكە قارشى قوراللىق قوزغىلاڭغا تەييارلىق قىلغان. خوجا نىياز ھاجى كۇچاغا كەلگەندە، ئۇنىڭ سېپىگە قوشۇلغان. 1933- يىلى

قەشقەردە «ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ھۆكۈمىتى قۇرۇلغاندا، ھۆكۈمەتنىڭ باش تەپتىشى بولغان. 1937- يىلى خوجا نىياز ھاجى ئۈرۈمچىدە ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئابدۇنىياز كامال باشچىلىقىدىكى شىڭشىسەي ھۆكۈمىتىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشقا قاتنىشىپ، ئەسكىري قوماندان بولغان. سوۋېت قىزىل ئارمىيىسى ئاقسۇغا بېسىپ كىرگەندە، ئۇلارغا قارشى باتۇرلارچە جەڭ قىلغان. ئۇرۇشنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ئابدۇنىياز كامال ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇمغا چەتئەلگە چىقىپ كېتىش تەكلىپىنى بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم بۇ تەكلىپنى رەت قىلىپ، سوۋېت قىزىل ئارمىيىسىگە قارشى ئاخىرقى نەپەسى قالغۇچە جەڭ قىلىپ، شېھىتلىك مەرتىۋىسىگە ئېرىشكەن.

4-. ھەسەن داموللا ھاجىم. ئۇ 1928- يىلى، 6- ئايدا كۇچا ناھىيە بېھىشباغ يېزىسى بېھىشباغ كەنتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، 1934- يىلىدىن باشلاپ مۇسەييىپ داموللا ھاجىم مۇدەررىسلىك قىلغان ساقساق مەدرىسىدە ئوقۇغان. 1948- يىلىدىن 1956- يىلغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە ئوقۇغان. ھەسەن داموللا ھاجىم مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدا دىنىي بىلىم ئېلىشتىن سىرت، تېبابەتكە دائىر ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدىكى كىتابلارنى ئوقۇپ ۋە ئۇستا تېۋىپلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، مىللىي تېبابەت دورىلىرىنى تەييارلاش ۋە كېسەل داۋالاش جەھەتلەردە يۇقىرى ماھارەت يېتىلدۈرگەن. ھەسەن داموللا ھاجىم 1971- يىلىدىن باشلاپ كۇچادا مىللىي شىپاخانىلاردا دوختۇر بولۇپ ئىشلىگەن. 1980- يىلىدىن تاكى 1992- يىلى، 7- ئاينىڭ، 20- كۈنى ئالەمدىن ئۆتكەنگە قەدەر كۇچا ناھىيىلىك ئۇيغۇر تېبابەت دوختۇرخانىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن.

ھەسەن داموللا ھاجىم «مۇلەخخىساتى تىببىي» ناملىق ئۇيغۇر تېبابىتى ۋە رېتسېپلىرىغا مۇناسىۋەتلىك كىتابنى نەشر قىلدۇرغان ۋە ئۇيغۇر تېبابەت قامۇسىنىڭ 7- جىلدى بولغان «خام دورىلار قىسمى»نى يېزىشقا قاتناشقان ھەم بۇ قامۇسنىڭ تەھرىر ھەيئىتى بولغان.

5- جامالىدىن مەۋلانا ئىبنى داموللا ھاجى. ئۇ 1817- يىلى

كۇچادا تۇغۇلغان بولۇپ، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق دەۋرلىرىدە كۇچا ساقساق مەدرىسىسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان. كېيىن ھىندىستانغا بېرىپ 8 يىل ئوقۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك ئالىمى ۋە مەشھۇر تېۋىپى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. ئوقۇشىنى تاماملىغاندىن كېيىن، كۇچاغا قايتىپ كېلىپ، مۇدەررىسلىك ۋە تېۋىپلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ مۇدەررىسلىك قىلغان كۇچا «ئاقبۇرۇت بۇغراخان» مەدرىسىسىدە كۆپلىگەن دىنىي ئۆلىمالارنى ۋە ئۇستا ھۆكۈمالارنى يېتىشتۈرۈپ چىققان. ئۇ 1902- يىلى 85 يېشىدا كۇچادا ۋاپات بولغان.

ئۇنىڭ «ئاب ۋە ئاتەشنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى رولى» ناملىق ئەسىرى تاكى ھازىرغىچە خەلق ئارىسىدا قولىيازما ھالەتتە تارقىلىپ يۈرمەكتە.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار**

لى جىنشىن «شىنجاڭدا ئۆتكەن ئىسلام خانلىرىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2003- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

تۇرغۇن ئالماس «ئۇيغۇرلار»، 1989-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

موللا مۇسا سايرامى «تارىخي ھەمىدىي»، 2007-يىلى، مىللەتلەر نەشرىياتى.

مىرزا ھەيدەر كورگون «تارىخي رەشىدىي»، 2007-يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

«كۇچا تارىخ ماتېرىياللىرى» 5-، 6- سانلىرى

قاھار نىياز «كۇچادا ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەر»، 2012-يىلى، شىنجاڭ پەن - تېخنىكا نەشرىياتى.

«شايا تارىخ ماتېرىياللىرى»

«كۇسەن مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 2013-يىلى 1-سان.

«نىمشېھىت ئەسەرلىرى»، 1995- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

2016- يىلى، 6- ئاي، ستوكھولم، شۋېتسىيە.




كۆزۈمنىڭ يورۇقى، روھىمنىڭ ئوزۇقى قىزىم. بۈگۈن ئۆزۈم تەلپۈنگەن ۋەتەننىڭ نۇرسىز بىر بۇلۇڭىدا ساڭا قەلەمسىز، قەغەزسىز ئولتۇرۇپ خەت يېزىۋاتىمەن. بىلىسەن خەتنى قەغەزگە ئەمەس، قەلب قۇرلىرىمغا يېزىۋاتىمەن. قاناتلىرى بوغۇلغان سېغىنىشلىرىمنى، سىقىلىشلىرىمنى ساڭا تۆكۈۋاتىمەن. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل بۇرۇنقى بۈگۈنكى كۈندە ئىككىمىز مەھەللىمىزدىكى چىمەنلىكتە ئويناۋاتقان ئىدۇق. سەن داداڭنىڭ شۇ چاغدىكى خىياللىرىنى بىلمەيتتىڭ. داداڭنىڭ بېشىنى چىڭ قۇچاقلاپ مۇرىسىدىن پۇتلۇرۇڭنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغىنىڭدا ئاشۇ باشتا نېمىلەرنىڭ قايناۋاتقانلىقى ساڭا نامەلۇم ئېدى. بەلكىم دادىسىز قالغان مۇشۇ كۈنلەردە ساڭا يەنە نۇرغۇن تۇگۇنلەر يېشىكسىز، نۇرغۇن سۇئاللار جاۋاپسىز قالدى. سەن دادىسىز دۇنياغا ياشلىق كۆزلىرىڭ بىلەن باققىنىڭدا قەلبىڭدە چۈشىنىكسىز جۇدالىقتىن باشقا قانداق تۇيغۇلارنىڭ ئىسيان قىلغىنىنى پەرەز قىلالمايمەن. پەقەت قەلبىڭدىكى دادا مېھرى بىلەن لىقلىنىدىغان يېرىملىكلەرنىڭ بوش قېلىۋاتقانلىقىدىن، دادا قۇچاقلىرى بىلەن يېتىلىدىغان بەردەملىكنىڭ كەم قېلىۋاتقىنىدىن ئۆرتىنىمەن. ئاناڭنىڭ كۆزىدىن مىسكىنلىكنى، ئانامنىڭ يىغىسىدىن ناتىۋانلىقنى ئۆگىنىپ قىلىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن.

يېنىڭدىكى چاغلىرىمدا قەشقەر كوچىلىرىنى مۇدھىش چارلايدىغان قوراللىقلارنى كۆرۈپ سىرقىراپ تۇرسامۇ ئالدىڭدا تەمكىن قىياپەتكە كىرىۋالاتتىم.

ئۇلارنى رەزىل ئادەملەرنى، نومۇسسىز ئەبلەخلەرنى، ۋىجدانسىز گېزەندىلەرنى تۇتۇش ئۈچۈن قوراللانغان ئاكاشلار دەپ چۈشەندۈرگەنىدىم. شۇ كۈنى ئاشۇ قورالىق ئاكاشلار مەھەللىنى قورشاپ ئۆيىمىزنى ئاقتۇرغاندا قانداق ئويلىغانسەن؟ داداڭنىڭ يالغان ئېيتمايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىڭ، بەلكىم ئۇلارنىڭ خاتا كىرىپ قالغانلىقىنى پەرەز قىلغانسەن. خاتالىقىغا كەچۈرۈم سوراپ تۇتۇپ كېتىلگەن داداڭنى ھامان قايتۇرۇپ بېرىدىغانلىقىغا چىنپۈتكەنسەن. مەنمۇ شۇنداق ئويلىغانىدىم. ئەمما خاتالىشىپتىمەن قىزىم. سېنى خاتالاشتۇرۇپتىمەن قوزام. خاتالاشقىنى بىز ئىكەنمىز. قوراللىقلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاتامانلىرى خاتالاشماپتۇ. داداڭ خەتەرلىك ئىكەن، ئۆز قىزىنى ئاتا مىراس تەۋەرۈك ۋەتىنىدە، ئانىسىنىڭ مېھرىلىك تىلىدا ئوقۇتماقچى بولغىنى جىنايەت ئىكەن. داداڭنىڭ ئۆزى بالىسى ئۈچۈنلا ئەمەس باللار ئۈچۈن غەم يىگىنى، بالىسى ئۈچۈنلا ئەمەس باللار ئۈچۈنمۇ باش قاتۇرغىنى خەۋپلىك ئىكەن. داداڭنىڭ قەلبىدىكى غۇبارسىز، مەسۇم باللىق دۇنياغا بولغان مۇھەببەتمۇ ئۇلار ئۈچۈن تەھدىت ئىكەن. بۇلارنى سوراق جەريانىدا بىلدىم. ئۇلار داداڭنىڭ يىلىغا يۈزمىڭ سوملاپ تاپقىلى بولىدىغان ئەقلى ۋە ئىقتىدارى بىلەن زەردارلىق يولىنى ئەمەس ئوقۇتقۇچىلىق يولىنى تاللىۋالغىنىنى چۈشىنەلمەپتۇ. بارلىق قىممەت ۋە قەدىرىيەتلەرنى پۇل ۋە مەنسەپ بىلەن ئۆلچەيدىغان شۇ كىشىلەرنى قەلبىمدىكى مۇھەببەتكە، ئىماندەك پاك باللارغا ئاتالغان سۆيگۈگە ئىشەندۈرەلمىدىم قىزىم. ئۇلارنى سەبىلەرنىڭ چۈۋۈرلاشلىرىدىن شاتلىنىدىغان، ئۇلارنى سېھىرلىك تەبىئەت ۋە مېھرىلىك جەمئىيەت باغرىدىن ئاۋۇندۇرىدىغان بىر دادا ئىكەنلىكىمگەئىشەندۈرەلمىدىم. سوراقتا كەلگەن پەرزەنتلىك دادىلارغا، ئىنى-سىڭىللىق ئاچا-ئاكىلارغا، مېھرى ئاتەش ئانىلارغا قولۇمدا ئىشكەل قاراپ ئولتۇرۇپ ئۇلارنى مېنى سوراق قىلىشقا، قىستاشقا، قاماشقا ۋە جىنايەتچى دەپ سەتلەشكە قايسى كۈچنىڭ مەجبۇرلاۋاتقانلىقىنى بىلەلمىدىم. خۇددى ھېچكىم ساڭا مېنىڭ نەدە نېمە ئۈچۈن ئىشكەللەنگەنلىكىمنى دەپ بېرەلمىگەندەك، مەنمۇ نېمىشقا سەنسىز، قۇياش ۋە ئايسىز قارا قەپەزگە بەنت قىلىنغانلىقىمنى سۆزلەپ بېرەلمەيمەن.

دەسلەپكى كۈنلەردە سېنى «دادامنى بۆبۈش تۇتۇپ كەتتى» دەپ بىلسۇن دېدىم. كىچىكىمدە بۆبۈش ھەققىدە قورقۇنچلۇق ھېكايىلەرنى ئاڭلايدىغان. شۇڭا بۇ تۇتقۇنلۇقنى بۆبۈشكە ئارتىپ قويماقچى بولدۇم، ئەمما سېنى ئۇنداق يالغان نەرسىلەردىن قورقۇپ چوڭ بولمىسۇن، سېنى ھېچ كىم كۆرۈپ باقمىغان شەيئىدىن تەشۋىشلەنمىسۇن دېدىم. قورقۇنچ دېگەن بۇ ئىبلىستىن يىراق ياشىسۇن دېدىم. چۈنكى ۋەھىمە

ئەقلىنىڭ دۈشمىنى، روھنىڭ قاتىلى. ئادەمنىڭ قورقۇپ كەتكەندە پۇت قولىدا جان قالمايدىغۇ بۇ روھنىڭ جان تالاشقىنى، ئادەم تۇيۇقسىز ۋەھىمىدە قالغاندا مېڭىسى قۇيقۇرۇق بولۇپ قالىدىغۇ بۇ ئەقلىنىڭ تەسلىم بولغىنىدۇر. بار نەرسىنىڭ قورقۇنچىدىن، كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەھىمىدىن ئەنسىرىمەيمەن قىزىم. چۈنكى ھەرقانداق كۈچلۈك كۆرۈنگەن شەيئىنىڭ بىز ۋاقتىنچە بىلەلمىگەن، خەۋپسىرەپ كۆرەلمىگەن ئاجىزلىقى بولىدۇ. كۆرۈنگەن نەرسىنىڭ ۋەھىمىسىنى مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، ئازايتقىلى بولىدۇ، يەڭگىلى بولىدۇ. ئەگەر قورقۇنچ بۆبۆش، ئەجدەرھا ۋە يالماۋۇز دېگەندەك كۆرۈنمەس بىلىنمەس نەرسىدىن كەلگەن، سىڭگەن بولسا ئۇ نەرسىلەر ھامان قەلبلەردە خالىغان، ۋەھشى شەكىلدە زاھىر بولىدۇ. مۆلچەرلىگۈسىز كۈچىيىپ، يەڭگۈسىز دەھشەت تۇس ئالىدۇ. شۇڭا رىياللىقتىكى تۇرلۇك زورلۇق، ئىسكەنجە، سەددىقە ۋە جازالار ئارقىلىق قەلبكە سىڭدۈرۈلىۋاتقان قورقۇنچ بەكرەك خەتەرلىك. ئۇ بىلىنمەي زورىيىپ يۈرەكنى قارماللايدۇ. بوۋا-مومىلىرىمىزنىڭ قورقۇنچاق ئادەمنى يۈرىكى يوق دېگىنى شۇ. مەن سېنى ئاللاھتىن باشقىسىدىن قورقمايدىغان ئادەم قىلىمەن قىزىم. سېنى تۈمشۇقلۇقلارغا چوقۇغۇزمايمەن، تىرناقلىقلارغا تاتىلىغۇزمايمەن، قاناتلىقلارغا قاققۇزمايمەن باقىمەن قىزىم. قىزىم، مېنى بۆبۆش قاماققا ئالمىدى، ئىبلىس باغلىمىدى، ئەجدەرھا دەم تارتمىدى. مېنى زىندانغا سالغىنى پەقەت ئىنسانلارنىڭ رەھىمسىز، پاسكىنا قولى ۋە تويماس نەپسانىيەتچىلىكى مۇھەببەتلىك يۈرىكى ئەمەس. ئۇنداقتا سېنى مەنسىز، مېنى سەنسىز قويغان زادى نېمە؟ ئاپرات-ئورگانلارنى ساڭا دۈشمەن كۆرستىمەنمۇ؟ ئۇ جايلاردىكى ئادەملەردە مۇھەببەت يوقمۇ، يۈرەك يوقمۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن قىزىم. ئېسىمدە يوق، ئېسىمدە قالغىنى تاماكىدىن قارىدىغان يۈزلەر، ھاراقتىن قىزاغان كۆزلەر، ھارامدىن بىقسىغان نەپەسلەرلا بولدى.

مېنى كەچۈرەرسەنمۇ قىزىم. چوڭلار بىلەن، چوڭ ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇمەن دەپ ساڭا سەل قارىدىم. سېنىڭ ئانا تىلغا، ئانا دىيارغا قانداق ئۆزلەشكەنلىكىڭنى بىلەلمەي قالدىم. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن سېنىڭ ئانا تىلدا قايتا يارىلىدىغان دۇنيايىڭدا ساڭا ھەمدەم بولالمىدىم. ۋەتەنگە يېڭى قايتىپ ئانا تىلىڭدا سۆزلىيەلمەي، سۆزلىيەلىدىغان تىلنى ھېچ كىمگە ئۇقتۇرالماي قالغاندىكى پۇچىلىنىشلىرىڭغا ياردەمچى بولالمىدىم. تۈگمەس دەرس، پۈتمەس سۆھبەت، ئاخىرلاشماس مېھماندارچىلىقلاردا يۈرۈپ ساڭا چۈچەك سۆزلەشنى ئۇنتۇتتۇم. كۆنلەپ كۆرۈشەلمىگىنىمىزدە «مېنىڭ ئوقۇتقۇچۇملا بار، دادام يوقمۇ» دېگىنىڭدە ئازابلاندىمۇ ھېكايىچى دادا، سىرداش دادا، سەپەرداش دادا، ھەمراھ دادا بولالمىدىم. ئامېرىكىدىن بىر

كەلگەنچە دەرياغا چۈشكەن خەستەك سىڭىلىڭ يىنىگىدىن، دۇنيايىڭدىن، تىلسىملىق هاياتىڭدىن، تۈگىمەس سوئاللىرىڭدىن خەۋەرسىز قالدىم قىزىم.

ئامېرىكىدىن قايتىشىمىزدا سەن ئامېرىكىدا ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان كىتابلىرىڭنى ئېغىر كۆرمەي نەچچە ئون مىڭ كىلومېتىر ئارىلىقتىن كۆتۈرۈپ كەلگەن بىلەن ئۇلارنىڭ بىرىنىمۇ ئوقۇپ بېرەلمىدىم. ساڭا قويۇپ بېرىمەن، سەن بىلەن كۆرىمەن دەپ ئېلىپ كەلگەن نەچچە يۈز باللار فىلىمىنىڭ بىرىنىمۇ سەن بىلەن كۆرۈشۈپ بېرەلمىدىم. ئامېرىكىدىكى هاياتىڭ ھەققىدە يازماقچى بولغان «مەسئۇدە ۋە ئامېرىكىلىق تىيىن» ناملىق كىتاب ئاغزىمدا، پىلانلىرىمدا قالدى قىزىم.

مېنى ئەپۇ قىلالارسەنمۇ قىزىم. ئۆزۈڭدىن، باغرىڭدىن باشقا ھەممە ئادەمگە ۋاقىت چىقىرالايدىغان، ئائىلە غېمى بىلەن ئەمەس دۇنيانىڭ دەردى بىلەن ياشاشنى ئەلا بىلىدىغان بولۇپ قالغىنىمنى چۈشىنەرسەنمۇ؟ 2011 - يىلى 10 - ئىيۇل قەشقەردە تۇنجى لېكسىيەنى ئۇيۇشتۇردۇم. لېكسىيەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەن سەھنىگە چىقىپ ئىشتىراكچىلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدىڭ، مەنمۇ سارغۇچ چاچلىرىڭنى سىلاپ لېكسىيەمنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنىدىم. 2012 - يىلى 20 - يانۋار قەشقەردە يەنە بىر قېتىم لېكسىيە قىلدىم. مەن سۆز باشلاپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە ئالدىمغا يۈگرەپ كېلىۋاتساڭ قولۇمنى شىلتىپ توختۇتۇپ قويۇپتىمەن. ئاناڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتىپسەن. ئەسلى كېلىپ مېنى سۆيۈپ قويماقچى ئىكەنسەن قىزىم. شۇنىڭدىن كېيىن بىر قانچە قېتىم لېكسىيە سۆزلىدىم لېكىن بىر قېتىممۇ سەھنىگە يېقىن يولۇمىدىڭ قىزىم.

ئامېرىكىدا سەن قوشۇلمىساڭ ھېچ يەرگە بارمايدىغان، ئۇخلايدىغان چېغىڭدا سەن رازى بولمىغان ھېكايىلىرىم ھەققىدە پۇشايمان يەيدىغان، سەن ياقتۇرغان كارتونلارنى بىللە ساقلاپ كۆرىدىغان دادا ئىدىم. سەن ھەرقانداق سورۇندا قېشىمدا ئىدىڭ، ھەرقانداق جايدا كۆزۈمدە ئىدىڭ، ھەرقانداق ۋاقىتتا ئەقلىم سەندە ئىدى. ۋەتەندە چوڭلار سەندىن مۇھىم بىلىندى، ئاقساقاللار سەندىن ئېتىبارلىق بولدى، قۇدرەت ساھىبلىرى سەندىن مەنپەئەتلىك تۇيۇلدى. ۋەتەندىكى ئاجىزلار كۈچلۈكلەردىن، ئاز سانلىق كۆپ سانلىقتىن، پۇلسىز پۇلدارلاردىن كەمسىنىدىغان، قىسىلىدىغان ۋە بۇنداق كەمسىنىش ۋە قىسىلىش ھاياتنىڭ ئايرىلماس مەزمۇنىغا ئايلىنىپ قالغان مۇھىتتا مەن سەندىن ئىجازەتسىز ئۆز پىلانلىرىم بىلەن يۈردۈم. سەندىن، سېنىڭ مەۋجۇتلۇقىڭدىن، ئارزۇ - خاھىشلىرىڭدىن مۇستەسنا قارار چىقىرىشنى مەنمۇ تەبىئىيلىك دەپ قارايدىغان بولۇپ قالدىم. قانداق ئۆزگەرگىنىمنى، مۇھىتنىڭ قۇربانىغا قانداق ئايلانغىنىمنى، سورۇندىكى، سەھنىدىكى، ئېكراندىكى ئوبرازىم ئۈچۈن سېنى يەنە نىملەردىن مەھرۇم قويغىنىمنى ئۆزۈممۇ دەپ

بىرەلمەيمەن قىزىم.

مەنسىز يەتتىگە كىرىپ ئاشتىڭ، دادىسىز بۇ كۈنلىرىڭ يەنە تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. قامالغىنىمغا پۇشايمان قىلمىدىم قىزىم، پەقەت سېنى كۆرەلمىگەن بۇ ھىجران تۈنلىرىگە ئۆچ بولدۇم. كۆك ئاسمان، ھېلال ئاي، نۇرلۇق يۇلتۇزدىن مەھرۇم كۈنلەردىكى، ئەخلەتتىن ئەرزىمەس ھالىمغا ئۆكۈنگەندەك بولدۇم. لېكىن شۇنىڭغا ئىشەن قىزىم، دادىڭ مەرھەمەتلىك ئاللاھ بىلەن، سەبىرلىك، مۇھەببەتلىك ئۈيغۇر بىلەن كۈچلۈك، كۆيۈملۈك قېرىنداشلىرى بىلەن ئۈمىدۋار. داداڭغا مىڭلىغان مېھرىبانلارنىڭ تىلەكلىرى ھەمراھ قىزىم. سەن تېخىمۇ ئامەتكە يېقىنسەن. چۈنكى داداڭنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى بىلىسەن. ئاناڭ، موماڭ ۋە تاغا ـ ھاممىلىرىڭنىڭ داداڭ سەۋەپلىك قامالمىغانلىقى سېنىڭ بەختىڭ. پەقەت سەن بۇرۇنقىدەك داداڭنىڭ خەتلىرىنى كۆرەلمەيسەن، قۇچاقلىرىغا تاشلىنالمايسەن، داداڭنىڭ مۇرىسىدە يىراقلارغا نەزەر سالالمايسەن. چىدا قىزىم، بەرداشلىق بەرگىن. ئۈيغۇر دېگەن شۇنداق ئۈيغۇر بولىدۇ. دائىم قورقىتىلىدۇ، تەكشۈرۈلىدۇ، قاماقتا ياتىدۇ، يوقاپ كېتىدۇ، ۋە ھەتتا ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشىدۇ. ئۈيغۇر قۇدرەتلىك قىزىم، ئاللاھ ئۆزىگە ئەڭ سۆيۈملۈك بەندىلىرىنى شۇنداق سىنايدۇ. ئاللاھ ئەڭ چىدامچان قەۋمگە تاغ يۈكلەيدۇ. بۇنىڭغا ئىمانىم كامىل قىزىم. مەن پەقەت سېنى سېغىنىپ ئازاپلىرىمنى سۆزلەپ، ئاچچىقلىرىمنى ئېيتىپ سالدىم. ھەممىمىزنى ئاللاھ مەغپىرەت قىلغاي.

سەندىن ئەنسىرەيمەن قىزىم. دادىسىز كۈنلەردە دادىلىرى بىلەن كۆڭۈللۈك ياشاۋاتقانلارغا نەپرەتلىنىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن. ئەتراپىڭدىكى تىلى قىسىلغان، دىلى سىقىلغان، بوينى ئېگىلگەنلەرنىڭ ئەكسىچە ئۆز ئانا تىلىدا مەغرۇر سۆزلەپ، مەغرۇر يايراپ ئۆز زۇۋانىدا ھاكاۋۇرلارچە كالدىرلىشىۋاتقانلاردىن نەپرەتلىنىشىڭدىن ئەنسىرەيمەن. مەن كىچىككى چۈمۈلىدىن تارتىپ چوڭى ئالەمگىچە ھەرقانداق شەيئىدە ئاللاھنىڭ بۈيۈكلىكى، بەرىكىتى ۋە مېھرىنى ھېس قىلىپ بىلىپ ياشاۋاتقان بۇ مىللەتنىڭ سۆيگۈ بىلەن ئۆلچەيدىغان ئەقىدىسىدىن سېنىڭ ئاشۇنداق نەپرەتلەر سەۋەپلىك يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن.




بېشى ئالدىنقى ساندا




**ئۆزىڭىز بولۇپ ياشاڭ!**

بىز ناۋادا باشقىلارنىڭ ئۆزى، ئۆزى ياشاۋاتقان شارائىت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتلىرى توغرىسىدىكى ھېس - تۇيغۇلىرىنى بىلەلىگەن بولساق، ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ ھازىرقى شارائىتتىن ئەۋزەلرەك بىر مۇھىتقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى بايقىغان بولاتتۇق. بۇ خىل تۇيغۇ ئەلۋەتتە ئۇلارنىڭ پىترىتى (ئاللاھ ياراتقان ئەسلى تەبىئىتى)دىن كېلىپ چىققان بولىدۇ.

چۈنكى ئاللاھ ئىنسانلارنى ھوزۇر - ھالاۋەت ئىستەيدىغان، ياخشىلىقلارنى ئۆزىگە خوپ كۆرىدىغان قىلىپ ياراتقان. بۇ نۇقتىدىن قىلىپ ئېيتقاندا، نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرى تۇغۇلغان يۇرتتىن نارازى بولۇپ، تېخىمۇ ئاۋات، چوڭراق شەھەرلەردە تۇغۇلۇپ قالمىغانلىقىغا ئەپسۇسلانسا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر باي - باياشات ئائىلىدە تۇغۇلماي نامرات كىشىلەرنىڭ بالىسى بولۇپ قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىدۇ. نۇرغۇن قىزلار ئۆزىنىڭ تېخىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ يارىتىلمىغانلىقىغا بىئارام بولىدۇ. دېمەك، ھەر ئادەم ئۆزىنىڭ ئەڭ قالتىس بولۇشنى، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى كىشى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ.

شۇنداق، مەن بۇ يەردە سەمىگلارغا سالماقچى بولغان مۇھىم نۇقتا شۇكى، بىز قانداق يارىتىلغان بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئاللاھ تائالا بىزنى نۇرغۇن ئىمكانىيەتلەر بىلەن قورالاندۇردى. بىز تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن مۇھىت ۋە شارائىت ھەرگىزمۇ بىزنىڭ كېلەچىكىمىزنى پۈتۈنلەي بەلگىلىيەلمەيدۇ. بىز بىلىدىغان نۇرغۇن كىشىلەر بار، ئۇلار بىزدىن ئەۋزەل شارائىتتا، بىزدىن ئالاھىدە مۇھىتتا تۇغۇلغان ۋە ئۆسۈپ يېتىلگەن. شارائىت ۋە مۇھىت نۇقتىسىدىن قىلىپ ئېيتقاندا ئەسلى ئۇلار ئەڭ ئېسىل، ئەڭ قالتىس، ئەڭ نوچى، ئەڭ بەختلىك كىشىلەردىن بولۇپ يېتىشىپ چىقسا بولاتتى، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. ئۇلار ئوقۇش، خىزمەت ۋە خۇسۇسىي ھاياتىدا نۇرغۇن زىيانلارنى تارتتى. ئۇلار ھاياتلىق سەھنىسىدە باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان ئەرزىمەس كىشىلەرگە ئايلىنىپ قالدى، بەلكى تېخى كىشىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ شۇلاردەك بولۇپ قېلىشىدىن پاناھ تىلەيدىغان ئادەملەردىن بولۇپ قالدى.

يۇقىرىقى كۆرۈنۈشكە سېلىشتۇرما ھالدا يەنە نۇرغۇن كىشىلەر يېتىشىپ چىقىپ تارىختا ئالاھىدە تەسىرلەرنى كۆرسەتتى، ئىنسانىيەت تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشتى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى ئالتۇن ھەل بىلەن تارىخ بەتلىرىگە نەقىشلەندى. بۇلارنىڭ تارىخ

ـ تەرجىمىھالىغا قاراپ باقىدىغان بولسىڭىز، ئۇلار ئەمەلىيەتتە تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، ئەرزىمەس ئائىلىلەردە تۇغۇلغان، نامرات، غورىگىل مۇھىتتا چوڭ بولغان. ئۇلار ھېچقاچان پاراۋان تۇرمۇشنىڭ تەمىنى تېتىپمۇ باقمىغان.

مانا بۇ تارىخ، مانا بۇ رېئاللىق. بىز مەزكۇر سېلىشتۇرمىدىن ئىبرەت ئېلىشىمىز ۋە مۇئەييەن بىر يەكۈنگە كېلىشىمىز كېرەك.

شائىر ئىبنى ۋەردى مۇنداق دەيدۇ:

قىلمىغىن ھېچ ئىشتا نەسەبىڭنى پەش،

يىگىتكە نەتىجە بولسا يېتەر بەس.

تولغۇ شاھ بولغان نەسەبىسىز تۇرۇپ،

تاۋلىنىش بولسا خوپ، كېتەر تىزلا نەس.

بىزنىڭ تارىخىمىزدا بەلكى دۇنيا تارىخىدا نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ نەتىجىلىرى ۋە ئۈتۈقلىرى ئارقىلىق ئاتا ـ بوۋىلىرىغا شەرەپ كەلتۈرگەن ۋە ئۇلارغا ئىپتىخار ئاتا قىلغان.

كۆپلىگەن ئاتىلار يەتتى پەلەككە ،

ئوغلىنىڭ كەلتۈرگەن شەرىپى بىلەن.

ئەدنانمۇ يۇقىرى قەبىلە بولدى ،

(يۈز تېپىپ) پەيغەمبەر سەۋەبى بىلەن . بۇ مەكتۇپنىڭ قىز ـ يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن قارىتا تەشەككۇر ئىمكانىيەتلىرى ۋە ئاتا-ئېھسانلىرىغا

2. بىلدۇرۇشىمىز مۇھىم. ئېرىشكەنلىرىمىز باشقىلارغا سېلىشتۇرغاندا ئازدەك

3. قىلسىمۇ، ئەمما بەرگۈچىنىڭ ئەزەمىتى ۋە ئۇلۇغلۇقىنى نەزەرگە ئالغاندا ئۆزىمىزدىكى ئەۋزەللىكلەرنى كىچىك كۆرمەسلىكىمىز كېرەك.

ئي رەببىم ئازغىنە بەرسەڭ يېتەر بەس،

سېنىڭكى بەرگىنىڭ ئازكەن دېيىلمەس.

4. ئۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيەت شارائىتلىرىمىزنى چىرايلىقچە قوبۇل قىلىشىمىز، ئۆزىمىزدە بار ئەۋزەللىكلەردىن ئېپتىخار ھېس قىلىشىمىز، شۇنداقلا شۇ ئەۋزەللىكلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىپ ئىزچىل ئالغا ئىلگىرىلىشىمىز كېرەك.

5. ئۆزىمىزنى مەغرۇر تۇتۇپ، دادىل ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئالىي ھىممەت، بەقارارلىق ۋە ئىشەنچ بىلەن ئارتۇقچە ۋەھىمە ۋە غەم-قايغۇلاردىن يىراق تۇرىشىمىز كېرەك.

6. ئۆزىمىزدىكى كىچىككىنە ئەۋزەللىك ۋە ئالاھىدىلىكلەرنى ئىزچىل پەرۋىش قىلىپ، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىز ۋە ئائىلىمىز، شۇنداقلا دوست-بۇرادەرلىرىمىزگە سايە بولالايدىغان يارامىلىق كىشىلەرگە ئايلىنىشىمىز كېرەك.

7. باشقىلارنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئايلىنىپ قالماي، مۇستەقىل ئۆزلۈك ۋە مۇستەقىل پىكىر بىلەن ياشاشنى ئۆگىنىشىمىز، ھەردائىم باشقىلارغا مەنپەئەت بېرەلەيدىغان، ئۆلگىلىك، نەمۇنىلىك شەخسلەردىن بولۇشقا تىرىشىشىمىز كېرەك.




**پوزىتسىيە ھەممىنى بەلگىلەيدۇ!**

بىز بۇدۇنياغا ھېچنەرسىنى بىلمەيدىغان ھالدا كېلىمىز. ئاندىن ئاستا-ئاستا ئەتراپىمىزدىكى شەيئىلەر ۋە ئادەملەرنى تونۇشقا باشلايمىز. ئائىلىمىزدىكىلەر، يېقىن-يورۇقلار، ئۇرۇق-تۇققانلار ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىز مەۋجۇدىيەتنى چۈشىنىشىمىزگە ياردەم قىلىدۇ. بىز ئۇلاردىن ئېتىقاد، پىكىر ۋە ئەخلاق قوبۇل قىلىمىز. يەنە نۇرغۇنلىغان خۇي-مىجەز ۋە خاراكتېرلەرنى خۇسۇسىي تەجرىبىلىرىمىز ئارقىلىق يېتىلدۇرىمىز. بۇ يەردە ئەڭ مۇھىم بولغىنى بىزنىڭ ئۆزىمىزدىكى ئىمكانىيەت، ۋەزىيەت، قىممەتقاراش ۋە پىرىنسىپلارغا بولغان پوزىتسىيىمىز، شۇنداقلا كۆزلىگەن نىشان ۋە مەرتىۋىلىرىمىزدۇر.

ئاللاھ تائالا بىزنى ناھايىتى زور

قۇدرەت ۋە ئىقتىدار بىلەن قوراللاندۇردى، شۇنداقلا بىزگە كۆپلىگەن پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلدى. لېكىن شۇنىسى دىققەتكە سازاۋەركى، ئىستىقامەت، ئوقۇ-ئوقۇتۇش، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتلەردە ئۆزئارا رىقابەتلىشىدىغان، ۋە يۇقىرى پەللىنى كۆزلەيدىغان قىز-يىگىتلەر تولىمۇ كەمچىل بولۇۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ خىل ھالەتنىڭ نۇرغۇنلىغان سەۋەبلىرى بار. شۇ سەۋەبلەرنىڭ ئەڭ گەۋدىلىكراقى بىزنىڭ يۈنىلىش ۋە كۈندىلىك ھەرىكەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان ئەقىدە ۋە ئىدىيەلەردۇر. نۇرغۇن ئادەملەر بۇ دۇنياغا قارا كۆزەينەك بىلەن قارايدۇ-دە، ئۇلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنىدىغىنى مۇدھىش، رەڭگى ئۆڭگەن ھايات ۋە يامانلىقلاردىن باشقىسى بولمايدۇ. ئۇلار ھەر دائىم ئۆزىنى شۇملۇق ۋە-پالاكەتلەر كۈتۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇيغۇغا كېلىپ قالىدۇ. بۇ خىل كەيپىياتتىكى ئادەملەر ئاساسەن بىلىمسىز، ئىستىقامەتسىز ئائىلىلەردە تۇغۇلغان، ئائىلە تەربىيەسى ياخشى بولمىغان، كېرەكلىك قوللاش، ياردەم، كۆرسەتمە ۋە رىغبەتلەرگە ئېرىشەلمىگەن كىشىلەردۇر. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان، ئۆزىنى كەمسىتىدىغان، ئۆزىنى ھېچنەرسىگە يارىمايدىغاندەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغان. ئۇلار پەزىلەت ۋە ئالىيجانابلىق دېگەنلەرنى ئانچە مۇھىم بىلىپ كەتمەيدۇ. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر نامرات ئائىلىلەردە دۇنياغا كەلگەن، شۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ بار غېمى ئاددىي پۇچەك نەرسىلەرگە مەركەزلىشىپ قالغان. ئۇلار ئانچىكى بىر ئۇتۇق ياكى نەتىجىلەرنى چوڭ ھېسابلاپ قالىدۇ. ئۇلار پەقەت ئۆزىگە يەتكۈدەك نەرسىگە ئېرىشىشىلا قانائەت قىلىپ ياشاۋېرىدۇ.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز-يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. ھەربىرىمىز ھاياتقا قانداق قارايدىغانلىقىمىز ۋە ھاياتقا بولغان پوزىتسىيىمىزنى تەكشۈرۈپ بېقىشىمىز كېرەك. شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان دۇنياقاراش ۋە پوزىتسىيىلىرىمىز تازا نورمال ئەمەس.

2. بىز ھەربىر ئىشنىڭ ئەۋزەل تەرىپىنى، ئالاھىدە نۇقتىسىنى ھېس قىلىشقا ئادەتلىنىشىمىز ۋە ئاللاھقا ئىشىنىپ ئىشلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى بەكرەك كۆرۈشىمىز، شۇنداقلا ئۈمىدسىزلىك، چۈشكۈنلۈك، ئۆزىمىزگە ئىشەنمەسلىكلەردىن يىراقلىشىشىمىز كېرەك.

3. بۇ دۇنيادا ياخشى ئادەم ۋە ياخشى ئىشلارمۇ ئىنتايىن تولا، شۇنىڭدەك يامان ئادەم ۋە يامان ئىشلارمۇ تولا. ھەر ئادەم ئۆزىگە كېرەكلىكىنى تاپالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى ئادەم بولۇشنى ئىرادە قىلساق، ياخشى كىشىلەر بىلەن ۋە ياخشى ئىشلار بىلەن ياشاشقا توغرا كېلىدۇ.

4. ئالدىمىزدا ئىسلاھات، گۈللىنىش

ۋە تەرەققىيات پۇرسەتلىرى ئىنتايىن تولا. بىز پەقەت قالاق، ئۈمىدسىز، ھەر ئىشنى تەتۈرىگە تولغاپ تۇرۇۋالىدىغان ئادەملەردىن يىراقلىشىپ، ئىزچىل ئالغا قاراپ ئىلگىرىلىسەكلا نۇرلۇق مەنزىلگە يېتىپ بارالايمىز.

قانداق شارائىتتا بولۇشىمىزدىن قەتئىينەزەر ئالىيجانابلىقنىڭ ۋە پەزىلەتنىڭ ياردەمچىلىرى، ئۇلۇغۋار نىشان ۋە ئادالەتنىڭ ھىمايىچىلىرى بولۇشىمىز كېرەك. شۇ چاغدىلا ھاياتىمىز قىممەتكە ئىگە بولىدۇ. شۇ چاغدىلا بىز ئۇتۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت تەرىپىگە ئۆتكەن بولىمىز. ناۋادا بىز مۇشۇنداق ئالىيجاناب روھ ۋە پوزىتسىيىلىرىمىز بىلەن ئەمەلىي رىئاللىقتا غەلىبە قىلالمىغان تەقدىرىمىزدىمۇ، ئۇلۇغۋار روھىي كەيپىياتتا بولغانلىقىمىز، پەزىلەت ۋە ئادالەت سېپىدە تۇرغانلىقىمىز نۇقتىسىدىن شەرەپ، قەدىر-قىممەت ۋە ئۇلۇغۋارلىق لەززىتىنى تىتالايمىز.




**قىز-يىگىتلەر بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ...**

مەن بۇ يەردە ئەر-ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ۋە ئالاھىدىلىكلەر ھەققىدە توختالماقچى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم بىر مەسىلە ئۈستىدە توختالماقچى.

قىز-يىگىتلەر يارىتىلىش ۋە تەبىئەتتە ئوخشىمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ فۇنكسىسيە ۋە ۋەزىپىسىنىڭمۇ ئوخشاش بولماسلىقى تەبىئىي. شۇڭلاشقا قىزلار ئوغۇللارغا ئوخشىمىغان ئالاھىدىلىك ۋە خۇسۇسىيەتلەر بىلەن قوراللىنىشى لازىم.

قىزلار ئانا بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكى ئەۋلاد يېتىلدۈرۈش. قىزلارنىڭ كىچىكىدىنلا كۆڭۈل بۆلىدىغان نەرسىلىرى ۋە ئويلايدىغانلىرى ئوغۇللارغا ئوخشاش بولمايدۇ. بىزنىڭ دىنىي كۆرسەتمىلىرىمىز ۋە ئېسىل ئۆرپ-ئادەت، ئەنئەنىلىرىمىزدىمۇ قىزلاردىن تەلەپ قىلىنىدىغان ئىشلار ئوغۇللاردىن تەلەپ قىلىنغان ئىشلارغا ئوخشاپ كەتمەيدۇ. باشقىچە ئىپادىلىسەك، قىزلارنىڭ كەلگۈسىدىكى پىلان - لايىھەلىرى ۋە ئارزۇ-ئارمانلىرى ئوغۇللارنىڭ پىلان - لايىھەلىرى بىلەن ئوخشاپ قالماسلىقى زۆرۈر. قىزلارنىڭ تۇنجى ۋە ئەڭ مۇھىم نىشانى بەختلىك، مۇستەھكەم، مەسئۇلىيەتچان ئائىلە قۇرۇشقا تۆھپە قوشۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلار ئۆزىنى ساپا، تەربىيە ۋە ئەخلاق نۇقتىسىدىن مەزكۇر ئۇلۇغ ۋەزىپىگە لايىق قىلىپ يېتىلدۈرۈپ چىقىشى لازىم. بۇلاردىن سىرت يەنە قىزلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلاردىكى تاللىغان كەسىپلىرىمۇ بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن كۆرسەتمىلەرگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك. يەنى قىزلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېت پۈتتۈرگەندىن كېيىنكى

خىزمەت ۋە كەسىپلىرى ئانىلىق سالاھىيەتكە ماس كېلىدىغان ساھەدە بولۇشى كېرەك. قىزلارغا بىناكارلىق، توك - ئېلېكتېر، ماشىنىسازلىق، مال دوختۇرلۇق، يېزا ئىگىلىك... قاتارلىق كەسىپلەر ماس كەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈم مەن قىزلار ئۇنىۋېرسىتېتلاردا كەسىپ تاللىغاندا مەكتەپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىرەر ئىدارە - ئورگان ياكى كان - كارخانىلاردا خىزمەت قىلمىغان تەقدىردىمۇ مەدەنىيەت، پېداگوگىكا ۋە ماددىي جەھەتلەردىن قىممەت يارىتالايدىغان، ئانىلىق، ئائىلە ئايالىلىق سالاھىيىتىگە ھۆسن قوشىدىغان كەسىپلەرنى تاللىشىنى تەۋسىيە قىلىمەن.

يۇقىرىدا تىلغا ئالغىنىمىزدەك قىزلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ۋە ئەڭ شەرەپلىك ۋەزىپىسى ئانا بولۇشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن قىزلارنىڭ غايىپەرەسلىك قىلىپ، چېكى يوق ئارزۇ - ئارمانلارنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ توي قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇپ، ئاخىرىدا پۇشايمانىنى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالماسلىقنى ئەسكەرتىمەن.

بۇ مەكتۇپنىڭ قىز - يىگىتلەرگە قارىتا مۇھىم نۇقتىلىرى:

1. قىز - يىگىتلەر ئايرىم - ئايرىم رول ۋە فۇنكسىيە ئۈچۈن يارىتىلغان بولغاچقا، قىزلار ئوغۇللار بىلەن رىقابەتكە چۈشمەستىن، ئۆزىگە مۇناسىپ ساھەدە ئۇتۇق قازىنىشقا تىرىشىشى كېرەك. قىزلار غەرپ ۋە شەرق ئەللىرىدىكى نۇرغۇن ئاياللارنىڭ (ئەر - ئاياللار باراۋەرلىكى شوئارى ئاستىدا) پېتىپ قالغان تىراگېدىيەلەردىن ئىبرەت ئېلىشى كېرەك.

2. ئاللاھ ھاياتىمىزدا كۆپ مەرھەمەتلەرنى قىلدى. شۇلارنىڭ ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىكى توي قىلىش. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئەڭ مۇھىم بولغان بۇ مەرھەمەتكە چىرايلىق تەشەككۈر بىلدۈرۈپ، توي قىلىش، ئائىلە قۇرۇش، مۇسۇلمان، سالىھ پەرزەنتلەرنى تەربىيەلەپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

3. قىزلىق ۋە ئاياللىق ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم كوزىرى ۋە ئەڭ ئۇنۇملۇك قورالى. قىزلار ئەرزىمەس ئىشلارنى ۋە خىلمۇ - خىل ۋەزىيەت شارائىتلارنى پەش قىلىپ مەزكۇر قورالغا ئېتىبارسىز مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك.

5. قىزلارنىڭ مەلۇم بىر ساھەدە كەسىپ ئەھلى بولۇش ياكى بىرەر خىزمەتكە ئىگە بولۇشىدىن بەكرەك، شۇ كەسىپ ۋە خىزمەتنىڭ قىزلارغا ماس كېلىدىغان بولۇشى تېخىمۇ مۇھىم.

# «مەرىپەت ژۇرنىلى»غا مۇشتەرى بولۇڭ...

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىم!

سەئۇدى ئەرەبىستاندا تەييارلىنىپ، تۈركىيەدە ئانا تىلىمىزدا نەشر قىلىنىپ كېلىۋاتقان«مەرىپەت» ژۇرنىلىغا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن مۇشتەرى قوبۇل قىلىش باشلاندى.

بۇ ژۇرنال چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەنىۋى دۇنياسىنى بېيىتىش ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ھەققىتىنى توغرا چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىنى ۋە ئانا تىلىنى قوغداشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ناھايىتى روشەنكى، ئۆز ئانا تىلىمىزنى قوغداش ھەربىر ئۇيغۇر مۇسۇلماننىڭ ۋىجدانىي ۋە ئىمانىي مۇقەددەس بۇرچى. چۈنكى تىل بىلەن دىنىنى قوغداش مىللىتىمىزنىڭ مەۋجۇدىيىتىنى قوغداشنىڭ بىردىنبىر ئامىلىدۇر. تىل بىلەن دىن يوقالسا مىللەتمۇ يوقىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەرنىڭ تۇرۇۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ئىرىپ يوق بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنى ۋە دىنىنى قوغداش ئىنتايىن مۇھىم. ئۆز تىلىنى سۆيۈش، ئۆز تىلىنى قوغداش مىللەتچىلىك قىلغانلىق ھېسابلانمايدۇ. چۈنكى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنى تۈرلۈك مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلىپ يارىتىش بىلەن بىرگە خاس ئانا تىلنىمۇ ئاتا قىلغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ئانا تىلغا بولغان مۇھەببەت ئاللاھ تائالاغا بولغان سەممىيەتنىڭ جۈملىسىدىندۇر. ھەربىر ئۇيغۇرنىڭ بۇ نۇقتىنى ياخشى ئويلىنىشى، ئانا تىلغا ۋە دىنغا بولغان سەزگۈرلۈك ۋە مۇھەببەتلىك تۇيغۇلىرى بىلەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇشى، ئائىلىسىدە ساقلاپ قويۇشى، بالىلىرىغا ئوقۇتۇشى ۋە قەلەم- قۇۋۋىتى ئارقىلىق ژۇرنالنىڭ تەرەققىياتىغا كۈچ قوشقان ھالدا ئەسىر يېزىپ ئەۋەتىشى، شۇنداقلا قىممەتلىك پىكىر- تەكلىپلىرىنى بېرىپ تۇرۇشى تولىمۇ زۆرۈر، ئەلۋەتتە.

«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز 2003- يىلى 10- ئايدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان دىنىي، ئىلمىي ۋە ئىجتىمائىي ژۇرنال بولۇپ، جەمئىي توققۇز سان نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توختاپ قالغان ئىدى. 2015 ـ يىلى يېڭى يىلدىن ئېتىبارەن قايتا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان«مەرىپەت» ژۇرنىلىمىز دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئوقۇرمەنلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈش ئارقىلىق يېڭى بىر دەۋرگە كىرگەن بولدى. ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە كۆپلىگەن ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا سازاۋەر بولۇپ كەلدى.

مەلۇمكى، بۇ ژۇرنالنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تۈرتكە بولغان ئاساسلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرى، چەتئەللەردە ھەر قايسى ساھەلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ۋە تەھسىلىنى تۈگەتكەن بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا ئۆزلىرىنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى بايان قىلىشى ۋە خەلقىمىزگە يەتكۈزمەكچى بولغان يۈرەك سۆزلىرىنى، ئىلىم-تەھسىل قىلىش يولىدىكى ھاسىلاتلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ئۈچۈن بىر مۇنبەر ھازىرلاپ بېرىش، شۇ ئارقىلىق ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇپ مەسىلىلىرىمىزنى بىرگە ھەل قىلىشقا تىرىشىشتىن ئىبارەتتۇر.

قېنى ئەزىز مۆھتەرەم قېرىنداشلىرىمىز! ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەستىن مۇشتەرى بولۇشقا ئالدىرىغايسىلەر.

- ھۆرمەت بىلەن«مەرىپەت»ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتى

ژۇرنىلىمىزنىڭ ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى ۋاكالەتچىلىرى

| دۆلەت | ئالاقىلاشقۇچى | تېلېفون نومۇرى | يىللىق باھاسى |
|---|---|---|---|
| ئامېرىكا | نۇرىددىن ھاجىم | 0015712161352 | $30 |
| كانادا | تۆيغۇن ئابدۇۋېلى | 0004077672770 | CAD 30 |
| شىۋىتسارىيە | ئاندىلى مۇھەممەد كەرىم | 0040676224606 | CHF 30 |
| نورۋېگىيە | ئۆمەرجان ھاجىم | 004740557071 | €25 |
| ئاۋۇستىرالىيە | ئابدۇسالام قارىم | 0061413550840 | A$35 |
| شىۋىتسىيە | ئەھمەد تۇرسۇن | 0622600207 | €25 |
| گېرمانىيە | تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن | 004917610382764 | €25 |
| گوللاندىيە | ئابدۇرېھىم غېنى | 0020702272227 | €25 |
| فىنلاندىيە | ئابدۇلھەفىز قارىم | 00358409524426 | €25 |
| ياپونىيە | تۇرمۇھەممەد ھاشىم | 00818041968973 | $30 |
| تۈركىيە | ئابدۇلجېلىل تۇران | 0090532414055 | TL40 |
| ئوتتۇرا ئاسىيا | يارمۇھەممەد قارىم | 0077017410435 | TG1000 |
| مىسىر | زەئىم مەنسۇر | 0020111432366 | £45 |
| ئەرەبىستان | مەمتىمىن قارىم | 00966502382971 | SR 40 |